ئابدۇرېھىم تىلەشۈپ ئۆتكۈر

# ئۆمۈر مەنزىللىرى

ئۆمۈر مەنزىللىرى



شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

ئابدۇرېھىم تىلەشۇپ ئۆتكۈر

# ئۆمۈر مەنزىللىرى

(شېئىر، داستان، نەسرلەر توپلىمى)

مەسئۇل مۇھەررىرى: **غوجى خۇداۋەردى**


**شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى**

# ئۆمۈر مەنزىللىرى

*

شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى قۇرۇلۇش يولى 9 - قورا)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1092×787مم. 32 كەسلەم باسما تاۋىقى: 6·75
1985 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى
1985 - يىل 6 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاپ نومۇرى: M10124·144
سانى: 1 —6·650
باھاسى: 57 پۇڭ

www.uyghurkitap.com



ئابدۇرېھىم تىلەشۈپ ئۆتكۈر

## نەشرىياتتىن

پېشقەدەم شائىر، تارىخچى، تىلشۇناس ئابدۇرېھىم تىلەشۇپ ئۆتكۈر، 1923 - يىلى قۇمۇلدا بىر سودىگەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1930 - يىلىدىن باشلاپ، قۇمۇل، ئۈچتۇرپان، ئاقسۇ، ئۈرۈمچىلەردە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇپ، 1942 - يىلى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ پېداگوگىكا فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن ۋە شۇ يىلدىن باشلاپ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى، مۇخبىر، تەھرىر ۋە تەرجىمانلىق خىزمەتلىرىدە بولغان. ئۇ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش جەمئىيىتىنىڭ ۋە جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىجتىمائىي ئىدىيولوگىيە ۋە پەلسەپە - تارىخ ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئىجرائىيە ھەيئىتى بولۇپ، ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىنستىتۇتىدا يۇقىرى دەرىجىلىك ئىلمىي تەتقىقات خادىمى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

ئۇ، سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ئىلغار خەنزۇ ئەدەبىياتىنىڭ

ئەسىرى ئاستىدا 1940 - يىللىرىدىن باشلاپلا ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن بولۇپ، 1944 - يىلغىچە ياپون جاھانگىرلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى بىرمۇنچە شېئىر، داستان ۋە دىراممىلارنى يازغان. «ئۆمۈر مەنزىللىرى» ناملىق بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن «يېڭى جۇڭگو گۈلىستانىغا» ناملىق داستانى شۇ دەۋردىكى ئىجادىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەسەرلىرىدىن ھېساپلىنىدۇ. 1945 - يىلدىن باشلاپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلمىنى پاش قىلىپ، خەلقنى كۆرەشكە چاقىرىدىغان، ئازاتلىق ۋە ئەركىنلىكنى كۈيلەيدىغان بىرمۇنچە ئەسەرلەرنى يازغان. مۇشۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن «تاڭ شاماللىرى»، «تەلكە ھەققىدە قوشاق»، «بۆشۈك ئەللەيى»، «جەنۇپقا خەت»، «دېڭىزدىن سادا»، «باش ئەگمە» قاتارلىق شېئىر ۋە ئەسەرلىرى، 1980 - يىلى مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى باھالاشتا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن «قەشقەر كېچىسى» ناملىق داستانى ئەنە شۇ يىللاردىكى ئىجادىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

«10 يىللىق ئاپەت» مەزگىلىدە كۆپلىگەن كىشىلەر قاتارىدا قاتتىق زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان شائىر، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ جىنايى قىلمىشلىرى ۋە ئۇلار كەلتۈرۈپ چىقارغان قاراڭغۇلۇقنى پاش قىلىدىغان نۇرغۇن شېئىر ۋە غەزەللەرنى يازدى. مۇشۇ توپلامدىكى «كۆز كېچىسى»، «ئىچەي قەشقەر شارابىدىن»، «يانغۇسى تاڭ مەشئىلى» قاتارلىق شېئىر - غەزەللىرى بىلەن بىر قىسىم رۇبائىيلىرى «ئايەت يىللىرى» دىكى ئىجادىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

زور تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، شائىر تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئىجادىيەتكە كىرىشىپ، «ياڭرات ۋەتەن مۇقامىنى» «ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك»، «باھار كەلدى»، «ياخشى»، «بۇغدا ئانام»، «گۈل ۋە ئازغان» قاتارلىق بىرمۇنچە غەزەل، داستان ۋە رۇبائىيلار بىلەن «شېئىر ۋە شائىر» قاتارلىق نەسىر شېئىرلارنىمۇ يازدى.

شائىر يالغۇز ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە تەرجىمە ساھەسىدىلا ئىش كۆرۈپ قالماستىن، ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىگىمۇ نۇرغۇنلىغان ئەمگەكلەرنى سىڭدۈردى. ئۇ، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نى ۋە «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى ئاساسلىق نەشرگە تەييارلىغۇچىلارنىڭ بىرى. يەنە «قۇتادغۇ بىلىك داستانى» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمى يەشمىسىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى.

1984 - يىلى «ئىز» ناملىق تارىخىي رومانىنى نەشرگە تاپشۇرغان شائىر. ھازىر «قۇتادغۇبىلىك تەتقىقاتى» ناملىق ئىلمىي ئەسەر ئۈستىدە ئىشلىمەكتە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## مۇندەرىجە

تاڭ شامالىرى ........................................ 1
تەلكە ھەققىدە قوشاق ........................................ 3
ئايلىناي ........................................ 5
چىلىلاڭ خورىزىم، چىلىلاڭ ........................................ 6
قەلەمگە ........................................ 7
بۆشۈك ئەللىيى ........................................ 9
كۆچار يولىدا بىر تۈن ........................................ 12
مۇزلىغان شەھەر ........................................ 15
باھار چىلىلايمەن ........................................ 17
ئۇچراشقاندا ........................................ 19
جەنۇپقا خەت ........................................ 21
ئەلۋىدا ساڭا ........................................ 22
ياشلىق ........................................ 24
يۇرتۇم قالدى ........................................ 27
كەل ـ كەل سابا ........................................ 29
ئارمان نىمە ........................................ 30
يىپتەر ئەي چەرخ ........................................ 32
تاماكا بايان ........................................ 33
خەجلە، خائىنلار خەجلە ........................................ 35
مۇھەببەت ھەققىدە غەزەل ........................................ 36

تاڭ زىياسى يوقمىدۇ.......................... 37
خەلق ماقاللىرىدىن ئىقتىباسلار...................... 38
قەلبىم باھار..................................... 40
ۋىجدان دەۋىتى.................................. 42
سەجدىگاھىمغا (گۇمنام غەزەلگە مۇشائىرە)............ 43
شائىر دوستۇمغا.................................. 45
تووۋا دەپ تۇتتۇم ياقا............................ 46
كۆز كېچىسى.................................... 48
«ئىت ئۈرەر، كارۋان يۈرەر».......................... 51
غەزەل......................................... 52
ناۋايى غەزىلىگە مۇخەممەس.......................... 53
باھار ۋەسلىگە مۇشتاقلىق........................... 55
يانغۇسى تاڭ مەشئىلى............................. 58
ئەسسە گۈلباغدىن سابا............................ 59
گۈل ئەمەسكەن ياشلىغىم........................... 60
ئىچەي قەشقەر شارابىدىن........................... 61
بابۇر غەزىلىگە مۇشائىرە............................ 63
ئاق ئەمەس ساچىمدىكى............................. 64
تىپىلماس...................................... 65
ئىز............................................ 67
كېرەك بولسا.................................... 68
غەنىمەت........................................ 69
ياخشى ......................................... 70
ياغرات ۋەتەن مۇقامىنى............................ 71

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تېخى كۆپ ئىمتىھان شۇنچە ........................ 73
باھار كەلدى ........................ 75
خوشلۇغۇم ........................ 77
خوش مۇبارەك بۇ ئىشىڭ ........................ 78
بۇيىلۇق ........................ 80
ئىدىقۇت ........................ 82
بىزەكلىك ........................ 84
سەرلەۋھىسىز شېئىرلار ........................ 87
ئۆمۈر ھەققىدە مۇخەممەس ........................ 89
بوغدا ئانام ........................ 94
خاسىيەتلىك ئۇچرىشىش ........................ 96
ئەينەك ........................ 99
توۋا دەيمەن، توۋا ........................ 100
بالام بولسا، شۇنداق بولسا ........................ 104
يىراقتىن خەت ........................ 106
ئەسسالام، ئەي قەشقىرىم ........................ 112
قەشقەر گۈزىلىگە ........................ 114
قەشقەر قىزى ........................ 116
مەن ئاق بايراق ئەمەسمەن ........................ 117
رۇبائىيلار (1) ........................ 122
رۇبائىيلار (2) ........................ 126
يېڭى جۇڭگو گۈلىستانىغا (لىرىك داستان) ........................ 146

ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك (داستان)..................... 160
گۈل ۋە ئازغان (باللادا)................................ 182
دېڭىزدىن سادا (نەسرىي شېئىر)......................... 191
باش ئەگمەن ( » » )..................... 194
شېئىر ۋە شائىر ( » » )..................... 198
قاش تېشىغا مەدھىيە ( » » )..................... 202

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## تاڭ شاماللىرى

يەلپۈنۈپ ئۆتكەن تاڭ شاماللىرى
بىردەم قېشىمدا توختاپ ئۆتۈڭلار،
يۈرەك زارىنى، ئاھ ۋە دەردىنى
مەرھەمەت ئەيلەپ ئاڭلاپ ئۆتۈڭلار!

ئېشىپ تاغلاردىن بىرىپ يەتكەندە
تەڭرى تېغىنىڭ ئېتەكلىرىگە،
يىپەك رومالدەك قولۇڭلار تەگسۇن
دەرت يېشى تامغان ئېڭەكلىرىگە.

تەسەللى ئوقۇپ، دەردىگە دەرمان،
غەيرەت قوشۇڭلار غەيرەتلىرىگە،
مۇڭلۇق سالاملار بىرىپ ئېيتىڭلار
دەرتمەن گۈللەرنىڭ چىچەكلىرىگە!

تاڭ ئاتىدۇ دەڭ، چېلىش قاينىغاچ،
ئىلى سۇلىرى دولقۇن ياسىغاچ.

دولقۇنغا ئېيتدىڭ توختىماي ئۇرسۇن،
دولقۇننىڭ ۋاقتى قاراپ تۇرمىسۇن!

يىللاردىن بېرى تەۋرىنگەن دېڭىز،
ئەمدى ۋاقتىدۇر ئوبدان ئېيتتىڭىز.
قۇربانسىز دەۋا بولمىغان ھېچ چاغ،
بىز دەۋا قىلىپ، قانمىغان ھېچ چاغ.

مەنمۇ ياسايمەن تىلەكلىك دولقۇن،
ئۆزەمگە لايىق سالىمەن شاۋقۇن.
شائىر تىلەيدۇ شۇنداق تىلەكنى،
خىيالدىكى ئۇ بىر كېلىچەكنى.

يەلپۈنۈپ ئۆتۈك تاغلار بېشىدىن،
تاغلاردىن ئۆتكەچ جەڭچى قېشىدىن.
مەنمۇ راسلىدىم ئۆتكۈر قىلىچىم،
ئۆتەشكە تەييار ئۇلۇغ بۇرچۇم!

1945 - يىل 15 - ئىيۇن، لەنجۇ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

# تەلكە ھەققىدە قوشاق

تەلكىنىڭ داۋانى بار،
ئۈستىدە تۇمانى بار.
سايرام كۆلىگە پاتقۇسىز
ھەسرەتۇ - ئارمانى بار.

تەلكە دىگەن ئېگىز تاغ،
ئېتەكلىرى چىمەن - باغ.
باشتىن ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ
ئاجايىپ بايانى بار.

تەلكىدىن ئۆتەر چاغدا،
قالاتتى يۈرەك داغدا،
ئوقۇپ - ئوقۇپ يىغلايتتۇق،
ھەسرەتلىك داستانى بار.

ئەمدى تەۋرەپتۇ سايرام،
تەلكىدە بولۇر بايرام.
بايرامنى قىزىتماققا
جان تىككەن ئوغلانى بار.

ئەنە تۇغلۇق ئەۋرىلىرى،
سادىرنىڭ نەۋرىلىرى،
ئات چاپتۇرۇپ هەر تاغدا
توزۇتقان توزانى بار.

ئىلاخۇن ئۆتكەن يولدا،
ئاپتومات تۇتقان قولدا.
داۋان ئاشقان ئەرلەرنىڭ
هەر تاشتا نىشانى بار.

چەكمەن كىيگەن ئەرلەرنىڭ،
جەڭگە كىرگەن شىرلارنىڭ
هەر تۇپ قارىغاي تۈۋىدە
تامچە - تامچە قانى بار.

يېشىل بەرقۇت يەرلەرنىڭ،
پاك ۋىجدانلىق ئەرلەرنىڭ
نومۇسچۇن جان بەرگەن
ئۇنتۇلماس قۇربانى بار.

تەلكە ئۆزى بىر داۋان،
ئەمدى سۈرگۈسى دەۋران،
بۇ دەۋرانغا ئاتالغان
بۇزۇلماس پەيمانى بار.

لەنجۇ، ئىيۇن 20 يىل - 1945

www.uyghurkitap.com

# ئايلىناي

ئەي ئەزىز يۇرتۇم سېنىڭ باغچا ـ سارايىڭدىن ئايلىناي،
زەپىران تۈسلۈك سېنىڭ غەمكىن چىرايىڭدىن ئايلىناي.

قوينۇڭدىكى ئالتۇن ـ كۈمۈشلۈك تاغلىرىڭدىن ئايلىناي،
كۆكسۈڭدىكى لەختە ـ لەختە قان داغلىرىڭدىن ئايلىناي.

دەرياىڭدا مۇڭلىنىپ ئاققان سۈيۈڭدىن ئايلىناي،
قايغۇ ـ ماتەم، غەمگە چۆمگەن ناخشا ـ كۈيۈڭدىن ئايلىناي.

سۇمبۇل چاچلىق، قەلەم قاشلىق قىزلىرىڭدىن ئايلىناي،
ئانىلىق دەردىدە قالغان قان ئىزلىرىڭدىن ئايلىناي.

تىلى باغلىق، دىلى داغلىق شائىرلىرىڭدىن ئايلىناي،
زوھراسى يوق ناتەۋان تاھىرلىرىڭدىن ئايلىناي.

ئايلىناي يۇرتۇم ئايلىناي، ئالىملىرىڭدىن ئايلىناي،
تىلى يۇمشاق، دىلى قاتتىق زالىملىرىڭدىن ئايلىناي!

1945 ـ يىل 20 ـ ئىيۇل، لەنجۇ

# چىلىلاق خورىزىم، چىلىلاق

ئىم دىگەن ئۈزۈن كېچە، ئەجەپمۇ تاڭ ئاتماي قالدى،
چىلىلاق خورىزىم، چىلىلاق، تاڭغا قاراپ كۆزۈم تالدى.

چىلىلاق خورىزىم، چىلىلاق، ئۇخلاق جاھانىم ئويغانسۇن،
مېنى تاشلاپ ئۇخلىغان گۈلى رەيھانىم ئويغانسۇن.

چىلىلاق خورىزىم، چىلىلاق، يارنى چىللاپ ئويغىتىڭ،
يۈزىگە قانات يېپىپ، ئاستا سىپاپ ئويغىتىڭ.

ئاچسا يارىم كىرپىگىنى يەنە ئۇيقۇ باسمىسۇن،
ئۇيقۇ بىرلە مەن غېرىپنى مەڭگۈ تاشلاپ ئەتمىسۇن.

چىلىلاق خورىزىم، چىلىلاق، تاڭ ئاتىدۇ دەپ چىلىلاق،
تاڭ ئالدىدا يارىڭىز سىزنى كۈتىدۇ دەپ چىلىلاق.

چىلىلاق خورىزىم، چىلىلاق، چىلىلاق ئۇ گۈلۈستانغا،
يارىم ئويغانسا خەۋەر بېرىڭ مەن باغرى قانغا.

1945 - يىل 8 - ئاۋغۇست، لەنجۇ

www.uyghurkitap.com

## قەلەمگە

بەس، قەلەم كۆرگەن ھۇقامغا يورغىلاشتىن توختا سەن،
بارنى سۆزلە، ھەقنى كۈيلە، سەپسەتىلەر ساتما سەن.

نە كېرەك يوق نەرسىلەردىن باش قاتۇرماق شۇنچىلىك،
ساپلىغىڭنى بۇلغىتىپ، ياشلار ئاققۇزماق شۇنچىلىك.

مەن سېنى كۈرەش ئۈچۈن قىيدىم بوۋامنىڭ تىغىدا،
بول ماڭا ئۆتكۈر قىلىچ، ياتما مەزلۇملۇق قىنىدا.

قەغىزىم ئۈستىدە ماڭساڭ، كۈتكىنىمدىن ئىز ياسا،
ھەر چېكىتتە ھۆررىيەت ئىقبالىغا نىگىز ياسا.

كۈيلە تاغ باشىدا بولساڭ، تاغۇ - تاشلار تىترىسۇن،
ھەيۋىتىڭدىن ئەزگۈچى ھاكىم سىنىپ قان يىغلىسۇن!

قەغىزىم ئۈستىگە ئەمدى چۈشمىگەي ياش ئىزلىرىڭ،
خوش - خوش ئېيتىپ، كەتسۇن ئەمدى بۇ يىغىچان گەزلىرىڭ.

مەن سېنى ماۋزۇر قىلىپ، چوڭ جەڭ ئۈچۈن ئاتتىم،
بىر كېچە گويا خىيالدا ياۋ كۆزىگە قادىدىم.

جەڭدە يەڭگەچ قەبرىمە «لەۋھە» بولۇپ ياتماقچىسەن،
تۈنلىرىمنى كۈن ياساپ، گۆھەر كەبى ياتماقچىسەن.

قېنى ئەمدى كۈيلىگىن ئەسىرىمگە لايىق ناخشىنى،
مەنمۇ تاللاپ يۈرمىدىم سەندىن بۆلەك بىر ياخشىنى!

1945 - يىل 15 - سېنتەبىر، لەنجۇ

❀❀❀❀❀

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## بۆشۈك ئەللەيى

ئانا بۆشۈك تۈۋىدە،
ئاغزى ئەللەي كۈيىدە.
بالا يىغلاپ تىنمايدۇ،
ئۇيقۇ يوقتۇر كۆزىدە.

ئانا ئېيتتى: «قوزىچام،
يۇم ـ يۇم كۆزۈڭ ئۇيقۇچام
كېچە ئۇخلاپ دەم ئالغىن،
تاڭ ئاتقاندا، تۇر بالام.

ئەللەي، ئەللەي بىر دانەم،
يۇم ـ يۇم كۆزۈڭ بىچارەم.
ئۇخلىماستىن يىغلايسەن،
ئۇخلا جېنىم بوتىچام.

مەمىگىمدە سۈتۈم يوق،
سۈت بولغۇدەك يۇتۇم يوق.
قۇرۇق مەمەك نىم بېرۇر،
ئېتىزلىقتىن ئۇنۇم يوق.

ساڭغا كەتتى يېرىمى،
قەرزگە كەتتى بۆلۈكى.
يەنە توشماي تۇرۇپتۇ
بۇ سۇلتاننىڭ تۇلۇمى.

ئاتاڭ بولسا جاڭگالدا،
ئاچ - يالىڭاچ شامالدا،
ئوتۇن كېسىپ ئاۋارە،
يېتىپ كېلۇر زاۋالدا.

ئەنە ئىشىك تۈۋىدە،
قانلىق قىلىچ قولىدا،
چېرىك ساقلاپ تۇرۇپتۇ
ئوتۇن ئالماق كويىدا.

بەرمىسەكمۇ ئالىدۇ،
بەرمەي دىسەڭ سالىدۇ،
قىلچە ئارتۇق گەپ قىلساڭ
جادۇسىغا باسىدۇ.

ئەتە كېلىپ نان دەيدۇ،
ئات - ئۇلاققا يەم دەيدۇ.
بىرسى ئۆكسۈپ قالسۇنچۇ،
ھەيدەپ بېرىپ، جان دەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەللەي بالام جان باغرىم،
يۇم - يۇم كۆزۈڭ ئامرىغىم.
ئۆيىنىڭ ئىچى قاراڭغۇ،
يوقتۇر ساپال چىرىغىم.

ئۇخلا بالام يالغۇزۇم،
يۇم - يۇم كۆزۈڭ قۇندۇزۇم.
بىزگىمۇ تاڭ ئاتىدۇ،
رەھمى قىلسۇن يۇلتۇزۇم!»

1946 - يىل 1 - مارت، لەنجۇ

# كۆچار يولىدا بىر تۈن

كۆچار يولىدا بىر تۈن،
ئاڭلىدىم بىر نازلى ئۈن.
كېچىنىڭ تىنسىزلىغى —
دىن كېلەتتى يوشۇرۇن.

ئۈن كېلەتتى ئۇزاقتىن،
بەك ئۇزاقتىن - ئۇزاقتىن،
يېرىپ تۈننىڭ باغرىنى،
ئۆتۈپ قارا تۇساقتىن.

ئۈن كېلەتتى تاغلاردىن،
بەلكى سۈلغۇن باغلاردىن.
كىم بىلۇر ئۇ قايغۇلۇق،
قەلبى قانلىق داغلاردىن.

ئۈن كېلەتتى نالىلە،
كىملەرنىڭدۇر زارىلە،
ئۇزاقلاردىن داۋالغۇپ،
مەسۇمانە ھالىلە،

قىزىقىپ سالدىم قۇلاق،
چېكىپ قەلبىم دەرت - پىراق.
دىدىم ياردىن كەلدىمۇ؟
ئالدىم جاۋاپ بىر قۇچاق:

يار دىسەڭ، ياردىن كېلۇر،
بەلكى دۇتاردىن كېلۇر.
بەختى قارا ھەم تۇتقۇن،
كۆزى خۇماردىن كېلۇر.

مۇڭ دىسەڭ، مۇڭدىن كېلۇر،
مۇڭلۇق بىر تۇندىن كېلۇر.
تۇنگە تۇتقۇن مەسۇمە
ھەر يان بۇلۇڭدىن كېلۇر.

زار دىسەڭ، زاردىن كېلۇر،
بەختى تار - ماردىن كېلۇر.
مىلڭ بىر يىگىت چىرىگەن
قانلىق دىۋاردىن كېلۇر.

دەرت دىسەڭ، دەرتمەن ئۇنى،
بەلكى يىرتىق چەكمەن ئۇنى.
ياكى بىر ئېتىزدىكى
كۆزى ياشلىق كەتمەن ئۇنى...

تىندى ئۇن، تىندى ھاياجان،
تىـنـدى گويا تەنــدە جان.
تىنىـمـايدۇ يانـغىـن كۆڭۈل
تۇن بويى چەكتى پىـغان.

1946 - يىل 26 - نويابىر، ئۈرۈمچى

# مۇزلىغان شەھەر

(ئۇرۇمچىنىڭ قىشى)

مۇزلاق كوچىنىڭ تاملىرى قىيسىق،
مەھزۇن① شەھەرنىڭ دەملىرى سىقىق.
بۇلۇڭ - پۇشقاقنى قويماي چارلىدى —
قىشنىڭ ساقچىسى چېلىپ ئىسقىرىدق.

كۈننىڭ ئەسىرى يوق ھاۋا تۇمانلىق،
يەرلەر تىترىشۇر، مۇزلىغان جانلىق.
ھەر نە شاتلىقتىن جۇدادۇر ھايات،
ئاڭلىنۇر ھەر ئۈن مۇڭلۇق، پىغانلىق.

كۆزلەر غەزەپلىك، قاپاقلار تۈرۈك،
ھاياتنىڭ دېمى سىقىق ۋە ئۈزۈك.
مۇزلىغان شەھەر باھارنى چىرلاپ
ئاچچىق ئۈن بىلەن چالاتتى گۈدۈك.

---

① مەھزۇن — غەمكىن، قايغۇلۇق.

تۇرخۇن تۆۋىدە يىرتىق كۆن ئۆتۈك،
چورۇق تىترەيدۇ تاپىنى تۆشۈك.
مەسۇم گۆدەكلەر چىرايى سېرىق،
قوللار سۇنۇلغان، بويۇنلار بۈكۈك.

دوقمۇش ـ دوقمۇشتا چولاق كەتمەنلەر،
دۈغدىيىپ يۈرگەن يىرتىق چەكمەنلەر.
پارچە نانغا زار، تىلىنقان كۆزلەر،
چەرخلىرى سۇنۇق يەمسىز تۆگمەنلەر.

مۇزلامىش شەھەر، مۇزلامىش ھېسار،
قوۋۇقلار سۇنۇق، كونا بىر مازار.
شەھەر ئۈستىدە لالما بۇلۇتلار
ئۇزۇق ئىزلىشىپ قىلىدۇ شىكار.

كۆزلەر غەزەپلىك، قاپاقلار تۈرۈك،
ھاياتنىڭ يېپى ئۇلاق يا ئۈزۈك.
مۇزلىغان شەھەر باھارنى چىرلاپ
ئاچچىق ۋاقىراپ چالىدۇ گۈدۈك!

1946 - يىل 5 - دېكابىر، ئۈرۈمچى

www.uyghurkitap.com

# باھار چىللايمەن

زېرىككەچ جانلار بۇ زىمىستاندىن،
جانۇ - جانىمدىن باھار چىللايمەن.
تۈنلەر كېچىسى ھۇلىغان شىردەك
ئاھ - پىغانىمدىن باھار چىللايمەن.

نە تاقىتىم بار، نە سەۋرىم ئەمدى،
قايناق بىر قازان يۈرىكىم ئەمدى.
گويا بىر ۋولقان تىلىكىم ئەمدى،
شۇ ۋولقانىمدىن باھار چىللايمەن.

ئۆلۈمدىن ئارتۇق يىغلاپ ئولتۇرماق،
مىراسىمىدى بۇ ياشلار ئاققۇزماق؟
خائىنلار ئىشى باش ئېگىپ تۇرماق،
پاك ۋىجدانىمدىن باھار چىللايمەن.

شۇنى كۈيلەيمەن زىمىستاندىمۇ،
تىلىم زەنجىردە باغلانغاندىمۇ،
كۆكرەككە نەيزە قادالغاندىمۇ،
ئىسسىق قېنىمدىن باھار چىللايمەن.

ئۈمىدىم بۈگۈن خىيالدىن يۈكسەك،
ئۈمىت باغىدا ئاتتى كۆپ چېچەك،
خىيالدىن ئارتۇق تاشقىن بۇ تىلەك،
كۆرەشچان تاڭدىن باھار چىللايمەن،

باھار چىللايمەن، باھار چىللايمەن،
خەلق بەختىگە بىر يار تىلەيمەن،
ئارزۇيۇم باھار، ئۈمىدىم باھار،
ئۇندىن ئۆزگىگە كۆڭۈل بۆلمەيمەن.

باھار چىللايمەن، باھار چىللايمەن،
خەلق مۇڭى شۇ، شۇنى كۈيلەيمەن.
بوۋاممۇ ماڭا شۇنى ئۆگەتكەن،
ئۇندىن ئۆزگىنى نىچۈك سۆيەيمەن.

باھار چىرلايمەن تۈنلەر كېچىسى،
مەيلى توزىسۇن ئۆمرۈم غۇنچىسى.
رازىمەن شۇندىن، قىلچە ئارمان يوق،
بولالىسام مەن خەلق مۇڭچىسى.

1947 - يىل 29 - يانۋار، ئۈرۈمچى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

# ئۇچراشقاندا

(بىر شائىرغا تەقلىت)

سەھەر كۆرگەن چېغىم كۆزۈم سۇلتانىنى،
دېدىم سۇلتانمۇ سەن؟ ئۇ دېدى ياق - ياق.
كۆزلىرى يالقۇنلۇق، قوللىرى خېنىلىق
دېدىم چولپانمۇسەن؟ ئۇ دېدى ياق - ياق.

دېدىم ئىسمىڭ نىمە؟ دېدى ئايخاندۇر،
دېدىم يۇرتۇڭ قەيەر؟ دېدى تۇرپاندۇر.
دېدىم باشىڭدىكى؟ دېدى ھىجراندۇر،
دېدىم ھەيرانمۇسەن؟ ئۇ دېدى ياق - ياق.

دېدىم ئايغا ئوخشار، دېدى يۈزۈممۇ؟
دېدىم يۇلتۇز كەبى، دېدى كۆزۈممۇ؟
دېدىم يالقۇن ساچار، دېدى سۆزۈممۇ؟
دېدىم ۋولقانمۇ سەن؟ ئۇ دېدى ياق - ياق.

دېدىم قىياق نەدۇر؟ دېدى قاشىمدۇر،
دېدىم قۇندۇز نەدۇر؟ دېدى ساچىمدۇر.

دىدىم ئۇن نەش نەدۇر؟ دىدى ياشىمدۇر،
دىدىم جانانىمۇسەن؟ ئۇ دىدى ياق - ياق.

دىدىم دېڭىز نەدۇر؟ دىدى قەلبىمدۇر،
دىدىم رەنا نەدۇر؟ دىدى لېۋىمدۇر.
دىدىم شېكەر نەدۇر؟ دىدى تىلىمدۇر،
دىدىم بىر ئاغزىمە؟ ئۇ دىدى ياق - ياق.

دىدىم زەنجىر تۇرار، دىدى بوينۇمدا،
دىدىم ئۆلۈم باردۇر، دىدى يولۇمدا،
دىدىم بىلەيزۈكچۇ؟ دىدى قولۇمدا،
دىدىم قورقارمۇسەن؟ ئۇ دىدى ياق - ياق.

دىدىم نىچۈن قورقماسسەن؟ دىدى تەڭرىم بار،
دىدىم يەنىچۇ؟ دىدى خەلقىم بار.
دىدىم يەنە يوقمۇ؟ دىدى روهىم بار،
دىدىم شۈكرانىمۇسەن؟ ئۇ دىدى ياق - ياق.

دىدىم ئىستەك نەدۇر؟ دىدى گۈلۈمدۇر،
دىدىم چېلىشماقچا①؟ دىدى يولۇمدۇر،
دىدىم ئۆتكۈر نىمەڭدۇر؟ دىدى قولۇمدۇر،
دىدىم ساتارمۇ سەن؟ ئۇ دىدى ياق - ياق...

1947 - يىل 8 - مارت. ئۈرۈمچى

---

① چېلىش — كورەش، كورەش قىلىش.

## جەنۇپقا خەت

ئەي جەنۇپ، دەرتمەن جەنۇپ، ئەي مۇڭلىنىپ ياتقان جەنۇپ،
خۇددى تارىم سۇيىدەك كۆز ياشلىرىڭ ئاققان جەنۇپ،
گاھ يانار تاغدەك يېنىپ، سەن پارتلىدىڭ يالقۇن چېچىپ،
ئەمدى تۇتقۇن شىر كەبى مەيۇسلىنىپ ياتقان جەنۇپ.

كۆپتىن ئەمدى قايىندى مۇڭلىرىڭ، ئاھ ـ زارلىرىڭ،
كەتتى ھەسرەت ئىچىدە نى كۈرەشچان ئەرلىرىڭ.
ۋەھشى بىر ئورمان بولۇپ قالدى خىيالىڭ باغچىسى،
تەگرىگە يەتمەي ئۆتەرمۇ ئاھلىرىڭ، پەريادلىرىڭ!

يىغلاپ ئۆتتى سەن ئۈچۈن ئەسىرىمىزنىڭ قانچىسى،
بۇ يىغىغا باقمىدى جەۋىر ـ زۇلۇمنىڭ قامچىسى.
كەلمىگەي ھېچكىم بېشىغا ساڭا كەلگەن كەلگۈلۈك،
ھېچ ئۈزۈلمەسمۇ بۇ قۇللۇق زەنجىرى ـ ئاغامچىسى؟

ياق، ئۈمىت بولغاي سېنىڭ ئارزۇلىرىڭنىڭ قولدىشى،
تاڭ ئېتىپ ئەلۋەتتە بىر كۈن سۈرتۈلەر كۆزنىڭ يېشى،
كۈيلە ـ كۈيلە ئەرك ـ ئازاتلىق كەتسە بۇ ئۆتكۈر بېشى،
قالغۇسى خانتەگرىدە مەغرۇر كۈلۈپ قەۋرە تېشى.

1947 - يىل 30 - ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى

## ئەلۋىدا ساڭا

تۇيدۇم بىر تۇيغۇ ھايات چېھرىدىن،
كۆكلەم قىزىنىڭ سۇلغۇن مېھرىدىن.
جۇدامىش كۆڭۈل باھار بەھرىدىن،
سۆيۈملۈك كۆكلەم، ئەلۋىدا ساڭا!

ئىشتىسەم بۈگۈن پەرى كېتەرمىش،
كۈز شامالىرى يېتىپ كېلەرمىش.
قۇشلار ياتىغى بوشلا قالارمىش،
ھەيۋىتىم كۆكلەم، ئەلۋىدا ساڭا!

تۇيدۇم بىر تۇيغۇ قۇشلار كۆزىدىن،
مەئيۇسانە ھال ياغار يۈزىدىن.
كېتەرمىش بۈگۈن بىزنىڭ يېرىدىن،
ئىلھامىم كۆكلەم، ئەلۋىدا ساڭا!

بۇلبۇل ئۈنىغۇ كەلمەس قۇلاققا،
مېنىڭ ئۈنۈمۇ يەتمەس ئۇزاققا.
بەلكى جانانىمۇ چىقماس بۇلاققا،
ئامرىغىم كۆكلەم، ئەلۋىدا ساڭا!

تەبىئەت نازى جىلۋىگەر چاغدا،
سۈنبۈل - رەيھانلار گۈللىسە باغدا،
ئۆتتى بۇ ئۆمرۈم دەشت بىلەن تاغدا،
گۈزەلىم كۆكلەم، ئەلۋىدا ساڭا!

ئەلۋىدا ئېيتىپ قالدىم، مەن بۈگۈن،
مەڭگۈلۈك سۆيگۈم روھىمدا پۈتۈن،
يەنە كېلەرسەن باھارىم بىر كۈن، ١٨
پەرىشتەم كۆكلەم، ئەلۋىدا ساڭا!

1947 - يىل 18 - سېنتەبىر، ئۈرۈمچى

# ياشلىق

ياشلىق چېغىم — گۈل بېغىم،
قەدرى ئۇلۇغ بىر چېغىم،
ھەيۋەتىم ھەم سۈلىتىم،
ھەم يۈلەنچىم، زور تېغىم.

ياشلىق، تىرىش زامان شۇ،
بىلمەك - قۇتلۇق نىشان شۇ.
بىلىم تاپماي قۇتۇلۇش،
ھېچ بولمىغان خىيال ئۇ.

بىلمەكنىڭ چېغى ياشلىق،
ئىلھامنىڭ بېغى ياشلىق،
ھاياتنىڭ بىر قاچا سۈت،
قايمىغى، يېغى ياشلىق.

بىلمەك — ئەرنىڭ زور ئىشى،
پەرق قىلىنماس ئەر — ئىشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھېچ كىمسەنى يەكلىمەس،
بىلىك يۇرتى ئۆركىشى.

بىلەي دىسەڭ، بىلىك كۆپ،
ھاياتىڭدا بىتىك كۆپ.
ئەگەر غەيرەت قىلمىساڭ،
بىر ھەرپمۇ بىلىك يوق...

«ئۇزغان ئۆمۈر — ئاتقان ئوق»،
ياشلىق كېتىپ قايتقان يوق.
پەيغەمبەرمۇ، سۇلتانمۇ،
تاغدەك ئۆمۈر تاپقان يوق.

قۇياش پاتسا مەغرىپتىن،
توغۇر ئەتە مەشرىقتىن.
ياشلىق كېتىپ بىر يولا،
قايتمىغان ھېچ تارىختىن.

كۆكلەم كېتىپ كەلگەن بار،
جانان ئىستەپ سۆيگەن بار.
كەتكەن ياشلىق ئارقىدىن
كىم قوغلىشىپ يەتكەن بار؟

كۆزدە غازاڭ بولغان گۈل،
كۆكلەمدە قۇچار بۇلبۇل؛

ئارچا ياغىچى كۆيسە،
كۆل قالارىن ئوبدان بىل.

«قۇتادغۇ»① نى پۈتكەن «خاس»②،
بىلىكتىن تاپتى ئاساس.
بىلىكتىن مەھرۇم كىشى
ئوچۇق كوردۇر ھەمدە گاس.

ئۆگەن ياشلىق، چېلىشقىن،
بىلىك تاغىغا ياماشقىن.
بىر يىقىلساڭ، بىر قوپۇپ،
ھاياتقا كەڭ يول ئاچقىن!

1947 - يىل 2 - ئۆكتەبىر. ئورۇمچى

① قۇتادغۇ — «قۇتادغۇ بىلىك»
② خاس — يۈسۈپ خاس ھاجىپ.

# يۇرتۇم قالدى

(1937 - يىلى ماخوسەن باندىتلىرى تەرىپىدىن گەنسۇغا ئېلىپ كېتىلگەن بىر خوتەنلىك قىزنىڭ ئاغزىدىن)

مەن تۇغۇلۇپ ئويناپ ئۆسكەن
قىزىلگۈلدەك باغلار قالدى
ئېگىز - ئېگىز، خوي چىرايلىق
ياقۇت تاشلىق تاغلار قالدى.

بۇغا - مارال پادا - پادا
ئويناپ يۈرگەن سايلار قالدى.
تاغ باغرىدا ئويناپ سەكرەپ
بوتىچاقلار، تايلار قالدى.

ئېگىز تاغنىڭ يان باغرىدا،
سۇلار ئېقىپ ھەريانىدا،
قۇشلار سايراپ كەڭ قوينىدا،
يېشىل - يېشىل قىرلار قالدى.

ئەگىپ ـ ئەگىپ بويلاپ ئاققان،
چۇرۇق ـ چۇرۇق ئويناپ ئاققان،
ئاق كۆمۈشتەك پالىلدىغان
بالدىن تاتلىق سۇلار قالدى.

سۇ بويىدا شىلدىرلىشىپ،
تازىم بىلەن باش ئېگىشىپ،
مەن يىتىمنى ئۇزىتىشىپ،
لەيلى ـ مەجنۇن تاللار قالدى.

جىمجىت كوچا، ئايدىڭ كېچە،
بۇلاق بويىلاپ، باغچە ـ باغچە،
يۇلتۇز ساناپ تاڭ ئاتقىچە،
ئويناپ ئۆتكەن چاغلار قالدى.

چۆللەر ئارا غېرىپ باشىم،
قۇرۇمايدۇ كۆزدە ياشىم.
قىيامەتلىك قېرىنداشىم —
كۆيۈمچانىم دوستلار قالدى.

قالدى يۇرتۇم، قالدى تەختىم،
قالدى مېنىڭ هۆر جەننىتىم.
ياۋ قولىدا قارا بەختىم،
ئالتۇن بۆشۈك يۇرتۇم قالدى.

1947 ـ يىل 12 ـ دېكابىر، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# كەل - كەل سابا!

تاقىتىم تاق بولدى، كەل - كەل ئەي سابا، كۆپ قىينىما،
كەل، جېنىم بولسۇن يولۇڭغا پىدا، كۆپ قىينىما.

تاشلىدىڭ، كەتتىڭ بىغەمدىن تۇرنىدەك يەرۋاز بىلەن،
تۇرنىلارمۇ قايتتىغۇ، كەل بىۋاپا، كۆپ قىينىما.

مەن نىتەي سەندەك قاناتىم بولمىسا تاغ ئاشقىلى،
بىلمىدىڭمۇ بىر ئەسىر مەن، دىلرەبا، كۆپ قىينىما.

ھېچ ئەسىر مەندەك قارا قىسمەتكە بولماس مۇپتىلا،
پۇت - قولۇم زەنجىردە، تىل سۆزدىن جۇدا، كۆپ قىينىما.

باغلىسا پەرھاتنى خىسراۋ، ئاغزىنى بوققان ئەمەس،
مەن ئۇچۇن ئىسمىڭنى ئېيتماقمۇ گۇنا، كۆپ قىينىما.

كەزسەمۇ چۆللەردە مەجنۇن ئاھلىرى ئازات ئىدى،
كاشكى بولسا شۇ باياۋان كەڭ دالا، كۆپ قىينىما.

كەل سابا، كەل - كەل سابا، يەتتى مۇرۇۋۋەتنىڭ چېغى،
بولمىغاي زۇلمەتتە ئەل جاندىن جۇدا، كۆپ قىينىما.

1948 - يىل 5 - ئاپرېل، ئۈرۈمچى

# ئارمان نىمە

بولمىسا جانىم ئارا ئىشقىڭ، ماڭا بۇ جان نىمە،
سادىغاڭ بولسۇن بۇ جان، سەندىن بۆلەك جانان نىمە.

كۆلمىسە جۇشقۇن خىيالىم ئاسمىنىدا ئاپتىۋىڭ،
مەن ئۈچۈن ئالەم نىمە — يۇ، گۆر نىمە، بوستان نىمە.

ھېچ تېگىشمەس بىر كۆنۈڭنى دەۋرى - دەۋرانغا كۆڭۈل،
بولمىسا ۋەسلىڭ نەسىۋى ماڭا مىڭ دەۋران نىمە.

ئۆتتى باشتىن شۇنچە يىللار قالدۇرۇپ ماڭلايدا ئىز،
بولسا سەندىن بىر خەۋەر، ئۆمرۈم ئۈچۈن پۇشمان نىمە.

تەلمۈرۈپ شۇنچە يولۇڭغا ئاقتى كۆزنىڭ نۇرلىرى،
چاڭلىرىڭنى تۇتىيا قىلسام ئىدىم، ئىمكان نىمە.

گۈلنى ھەر تاڭدا كۆرۈپ، بۇلبۇل يەنە قىلماي شۈكۈر،
شۇنچە نالە ئەيلىسە، ئۇ نىم دىگەن نادان نىمە.

كاشكى مەن ئۆمرۈمدە بىر كۆرسەم سېنى ئاي يۈزلۈكۈم،
جان بېرىپ ئۆلسەم شۇدەم دۇنيا ئارا ئارمان نىمە.

ئاھ ئۇرۇپ ئۆتكۈر ئادا بولدى قەلەندەردەك كېزىپ،
يوقمىدۇر شۇنچە جاھاندا دەرتكە بىر دەرمان نىمە!

1948 - يىل 12 - ئاپرېل، ئۈرۈمچى

# يېتەر ئەي چەرخ

يېتەر ئەي چەرخ، بۇ ھىجراندا مېنى يىغلاتما ئارتۇقچە،
كېرەكتۇر يارغا كۆز ياشىم، ئۇنى خوراتما ئارتۇقچە.

مۇھەببەت مەنزىلى قاتتىق ئىكەن، تاشلىق داۋانى كۆپ،
يىقىلدىم پۇتلىشىپ قانچە، يېتەر، غولاتما ئارتۇقچە.

تاپالماي ۋەسلىگە يولنى، ئاداشتىم چۆلدە مەجنۇندەك،
چۆلىستان ئىچرە سەراپقا① مېنى ئالداتما ئارتۇقچە.

گۇنايىم سۆيگۈدىن ئۆزگە نىمەدۇر بىلمىدىم ئەسلا،
يۇسۇپتەك خارۇ - زار ئەيلەپ، قۇلۇم دەپ ساتما ئارتۇقچە.

جاھاننى باستى پەريادىم، ماڭا بۇلبۇلمۇ ھەيراندۇر،
ئوقۇپ سەن گۈلگە ئەپسۇنلار، ئۇنى ئۇخلاتما ئارتۇقچە.

تېشىپ باغرىنى قان قىلدى جۇدالىق ئوقلىرى كۆپتىن،
يېتەر بۇ زۇلمۇ بىداتلىق، يەنە ئوق ئاتما ئارتۇقچە.

تونۇردەك يانمىسا قەلبىم، بولۇرمۇ ئاھلىرىم يالقۇن،
يەنە كۆيدۇرگىلى ئەي چەرخ، يېتەر، ئوت ياقما ئارتۇقچە.

1948 - يىل 5 - سېنتەبىر، ئۈرۈمچى

---

① سەراپ — ۋىلىل، ئېزىتقۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# تاماكا بايان①

قوسما مېنى يار، چېكەي بىر نەپەس،
ئۆرگۈلدى پەلەك، تاماكا بايان؛
ئەمەستى ماڭا چېكىش بىر ھەۋەس،
كۆيەدۇ يۈرەك، تاماكا بايان.

يانار تاغ ئىچى بولغاچقا يالقۇن،
دائىم ئۇستىدىن كەتمەيدۇ تۈتۈن.
ھەيران قالمىغىن چىقسا ئاغزىمدىن
كۆكۈش چەمبىرەك، تاماكا بايان.

بىلىمەن دىلدار، بۇتىمەن زەھەر،
تىگەر ھەر سائەت يۈرەككە نەشتەر.
ۋە لېكىن شۇنى ئىستەيدۇ كۆڭۈل،
ئەمەسمەن گۆدەك، تاماكا بايان.

---

① «تاماكا بايان» دىگەن سۆز، قۇمۇل خەلق قوشاقلىرىدىن پايدىلىنىلدى.

سارغايدى دىمە رەڭگىمنى جانان،
نىكۈتىن ئەمەس مېنى سارغايتقان.
بېغىمنى كەچكۈز بورىنى باسسا،
سولمامدۇ چېچەك، تاماكا بايان.

قاچانكى باقسام غەمكىن يۈزۈڭگە،
ئاچچىق ياشلىرىم تولۇر كۆزۈمگە.
قايغۇ ئەلەمنى باسمىش دەيدۇ،
شۇ كۆكۈش تۈتەك، تاماكا بايان.

تۇسما مېنى يار، چېكەي بىر نەپەس،
چەكمەي دىسەمۇ، بۇ مەيلىم ئەمەس.
مەيلى ئەمەسمۇ شۇ زەھەر بىلەن.
سەگىسە يۈرەك، تاماكا بايان.

1948 - يىل 12 - دېكابىر، ئۈرۈمچى

www.uyghurkitap.com

# خەجلە، خائىنلار خەجلە

(قورچاق شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەمەلدارلار ئۈچۈن بەل
گىلىگەن 1949 - يىللىق خىراجەت ئىسمىتىسىنى كۆرگەندە)

خەجلە، خائىنلەرەي، خەجلە، بۇ ئەلنىڭ مالىنى خەجلە،
يېتىشمەي قالسىلەر ئۇ ھەم، ئېلىپ سەن جانىنى خەجلە.

خېنىمغا ئۇسما دەپ خەجلە، بېگىمگە تاسما دەپ خەجلە،
تالاڭ - تاراجىدىن قالغان پارچە نانىنى خەجلە.

دېخانغا ئاچقۇزۇپ بوزنى، دۇكانغا توقۇتۇپ بۆزنى،
سېلىپ ئالۋاننى يۈز قاتلام، ئىچىپ سەن قانىنى خەجلە.

كۆلدە بېلىغى كۆپ دەپ، يەر ئاستى بايلىغى كۆپ دەپ،
قەدەمدە مىڭ تېپىپ ھىلە، ئىچىپ سەن كانىنى خەجلە.

پالانى ئاقچىدۇر - كۆكچى، بۇ ئۆتكۈرمۇ يامان دوقچى،
دەپ پارچىلاپ بۇ مىللەتنى، سېتىپ ۋىجدانىنى خەجلە.

1949 - يىل 8 - يانۋار، ئۈرۈمچى

# مۇھەببەت ھەققىدە غەزەل

مۇھەببەت شامدىنى شامسىز قالالماس ھېچقاچان، جانان،
چىراقسىز قالسىمۇ مېھراپ ۋە ھەتتا مەككىدە بىرئان.

تاپار مەجنۇن كېزىپ ئۆتكەن باياۋان چۆلىنى چىن ئاشىق،
كۆمەلمەس چۈنكى بۇ سۆيگۈ ئىزىنى ھېچ شامال ـ بوران.

ئۇدۇم بوپقالدى كۆڭلۈمدە مۇھەببەت جامىغا ھېرىسلىق،
بوۋام ئىچكەن ئىدى چۈنكى بۇ جامنى تولدۇرۇپ چەندان.

غولام بولساقنى ئىستەيدۇ مۇھەببەت ئەھلىگە كۆڭلۈم،
تېگىشمەسمەن بۇ دۆلەتنى قېشىمغا كەلسىمۇ سۇلتان.

رىيازەت ئوتىدا تاۋلا يۈرەكنى دەر ئىدى پەرھات،
شۇ تەلىم دىلدا جا بولغاچ، ئوقۇرمەن يۈز تۈمەن شۇكران.

ئاقار تارىم سۈيى بىر كۈن كۈمۈشتەك يالتىراپ ئەركىن،
ۋىسال مەۋجىدە ئۆتكۈرمۇ بېلىقتەك قىلغۇسى جەۋلان.

**1949 - يىل 5 - ئىيۇن، ئۈچتۇرپان**

# تاڭ زىياسى يوقمىدۇر

بۇ قارا ھىجران تۈنىنىڭ ئىنتىھاسى يوقمىدۇر،
ۋەسلى دىدار كۈنلىرىنىڭ ئىپتىداسى يوقمىدۇر؟

ئۆلگۈدەك جانىمغا تەگدى ھىجىر ئاخشامى يامان،
بىر خەۋەر كەلسە نە بولغاي، تاڭ ساباسى يوقمىدۇر؟

بىر نەپەس يۈز يىل بىلىندى ئىنتىزارلىق دەستىدىن،
تەشنەئى قەلبىم ئۈچۈن نەشئۇ نەماسى يوقمىدۇر؟

ئۆرتىدى جىسمىمنى ھەردەم دىلدا يالقۇنلاپ كۆيۈك،
خەستە دىلگە بىر شىپا دورا - داۋاسى يوقمىدۇر؟

يار خىيالى بىرلە سولدۇم، يەتتى ئۆمرۈمگە خازان،
تەنگە جان بەخىش ئەتكىلى كۆكلەم ھاۋاسى يوقمىدۇر؟

بۇ جۇنۇنلۇق دەشتلىرى كەڭ، مېنى ئازدۇردى تالاي،
ئەمدى يول كۆرسەتكۈچى بىر رەھنەماسى يوقمىدۇر؟

كەتمىگەي ئارماندا ئۆتكۈر كۆزدە قانلىق ياش بىلەن،
يىرتقىلى تۈن پەردىسىنى تاڭ زىياسى يوقمىدۇر؟

1949 - يىل 8 - ئىيۇن، ئۈچتۇرپان

# خەلق ماقاللىرىدىن ئىقتىباسلار①

ئالىمىڭنى كەڭ ياراتتىڭ، زامانەڭنى تار،
زالىمىڭنى بەگ ياراتتىڭ، ئالىمىڭنى كار.
كوزا چاققان تاپتى دۆلەت، تاپتى ئىززەت، تاپتى بەخت،
سۇنى كىم كەلتۈرسە بولدى ھەر قەيەردە خارو - زار.
قاغا تاپتى ئېتىۋار، بۇلبۇل نەزەردىن يىراق،
چېتىلىپ قالدى ئىشەكنىڭ قۇيرۇغىغا بۇغرا - نار.

كەتمەن دىگەننى بىز چاپساق، يېتىپ يەيدۇ خىمۇزا②
بىر زاغرىنى زولۇق يەپ، ئۈچ كۈن تۇتىمىز روزا.
دەي دىسەم گەپ بولىدۇ، دىمەي دىسەم دەرت بولىدۇ،
تارتىپ كۆرگىلى دەرتنى تېپىلارمۇ توروزا!!
ھەر ئىشنىڭ ئامالى بار، ھەر گەپنىڭ زامانى بار،
كۈندە سۇنمىغان بىلەن، كۈندە سۇنار كوزا.

كۆرمەيىن باستىم تىكەننى، تارتاردۇرمەن دەردىنى،
كۆرسەم ئەردىم، باسماس ئەردىم، تارتماس ئەردىم دەردىنى،

① ئىقتىباس — پايدىلىنىش ئاساسىدا يېزىلغان ئەسەر.
② خىمۇزا — خەلق تىلىدا «يامۇل ئەمەلدارلىرى».

تارتا - تارتا دەرت - ئەلەمنى زەپىران بولدى يۈزۈم،
قاينىمى تاشقان بۇلاقتەك توختىماس ياشلىق كۆزۈم.
كۆز يېشىم دەرياسىدا غەرق بولسا جانىم ياخشىراق،
چۈنكى كۈندە مىڭ قېتىملاپ ئۆلتۈرەدۇر ئەلپىراق.
بولمىغاي ھىچكىم مېنىڭدەك بەختى قاچقان ناتەۋان،
ناتەۋان بولسا بولۇر، بولماس مېنىڭدەك باغرى قان.

باغرى قان بولغان كىشىنىڭ دەردىنى دەرتمەن بىلۇر،
دەردى يوق بىدەرت كىشىلەر بەلكى دەرتمەندىن كۈلۈر.
كۈلمىگەي ھېچكىم بىراۋدىن، ئۆتنە ئالەم بۇ زامان،
ياخشىنى يامان دىگەن يامان ئۆزى قالماس ئامان.
كۆرمەيىن باسما تىكەننى، تارتما ھەرگىز دەردىنى،
يۈرمىگىن ئاخىر كىيىپ مەندەك كۈلايۇ - جەندىنى.

1949 يىل - ئىيۇل، ئۈچتۇرپان

***

# قەلبىم باھار

ئوت بىلەن كۆيمەكنى ئۆز جانىمغا قىلدىم ئىختىيار،
ئىختىيار قىلماس ئىدىم، ھۇشۇمنى ئالدى بىر نىگار.

بىر نىگار كىم، لۇتپى ئەيلەپ تەنگە جان بەرگەن ئۆزى —
ھەم يەنە خەنجەر بىلەن باغرىمنى قىلدى لالەزار.

مىڭ شۈكۈر دەيمەن ئۇڭا، يوقتۇر پۇشايمانىم مېنىڭ،
كى قىزىلگۈلنىڭمۇ ھۆسنى ھەم بويى، ھەم خارى بار.

گەر تىكەنلىك دەپ گۈلىدىن كەچسە بۇلبۇل بىر نەپەس،
تاپماس ئەردى بۇ جاھاندا قاغىدەكمۇ ئېتىبار.

چىقمىغاي ھەرگىز دىلىمدىن يار سىلىپ قويغان كۆيۈك،
چۈنكى شۇ دەرت بىرلە كۆڭلۈم ھەم يارا ھەم بەختىيار.

ھېچ سېغىنماس تەنۇ - جانىم ئەمدى بىدەرتلىك بىلەن،
يۈرگىمچە بىدەرت ياشاپ، پەرۋانە بولماق ئىپتىخار.

مەيلى مۆلدۈر، تاش ـ بورانلار ياغدۇرۇپ تۇرسۇن يەلەك،
ئەل بىلەن بىللە يۈرۈپ دەرمەن ھەممىشە يارى ـ يار.

مەيلى جىسمىمنى زىمىستان ئەيلىسۇن دەۋران ئىشى،
يار خىيالى بىرلە قەلبىمدە ياشار مەڭگۈ باھار.

1949 يىل 2 ـ ئاۋغۇست، ئۈچتۇرپان

❀❀❀❀❀

## ۋىجدان دەۋىتى

دەرىخدە، مىلىك دەرىخدە، ئۆز - ئۆزۈڭگە،
قۇچاقلاپ ئۆتكىنىڭگە تەلۋە يىللارنى!
بۇ — ۋىجدان دەۋىتى، بىلسەڭ ئىدىڭ سەن،
ئاقارت ئىجات بىلەن ئەمدى كىرلارنى!

قىيىپ چۆللەردە ئازغىن قىيانلاردەك،
ساراڭ - بەڭۋاشلىغىڭ يىغىلسۇن ئەمدى.
ئەقلىدىن ئاجرىغان بىھۇدە ئويلارنى،
قىزىل يالقۇن ئوتى كۆيدۈرسۇن ئەمدى.

باھار يامغۇرى ياغدى، سۇلىرى تاشتى،
كۆڭۈل كىرلىرىنى يۇيايلى كەل - كەل.
يۇرۇپ پەرھات بىلەن تاشلار كېسىپ بىز،
ۋەتەنىمىڭ شەنىگە تىكلەيلى ھەيكەل!

1956 - يىل 12 - دېكابىر، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# سەجدىگاھىمغا

(گۇمنام ئەزىلىگە مۇشائىرە)

بىلەمسەن، دىلرەبا ھۆسنۈڭنى ئاختۇرغان نىگاھىمدۇر،
بۇ گۈلدۇرماما - چاقماقلار مېنىڭ پەريادى ئاھىمدۇر.

ئۆزەڭنى ئوت بىلەن تاۋلا دىگەچ سەن سۆيگۈ سۇلتانى،
قەيەردە يانسا بىر يالقۇن، شۇ يالقۇن بارىگاھىمدۇر.

ئاداشسام زۇلمىتى دەشتتە، تىڭىرقىپ نالە چەكمەسمەن،
جامالىڭ شولىسى پارلاق ئۈمىت بەخىش سۈبھىگاھىمدۇر.

پەلەكنىڭ گەردىشى ھەر كۈن يولۇمنى توسسىمۇ قەستلەپ،
ۋىسالىڭ ئارزۇسى مەڭگۈ يىگانە قىبلىگاھىمدۇر.

مەلامەت، تەنە - تۆھمەتتىن، رەقىپتىن قىلمىدىم پەرۋا،
دىلىمگە ئورنىغان ئىشقىڭ نىجاتكار پاشپانايىمدۇر.

سىنى ئويلاش بىلەن كۆڭلۈم تاپۇر ھەر جايدا مىڭ لەززەت،
خىيالىڭ كۈندۈزى ئاپتاپ، كېچەلەر كۆكتە ماھىمدۇر.

ئەگەر رەشىك ئەيلىسە مەيلى ئەرەپ يۇرتىدىكى كەئبە،
مۇشۇ تۇپراق — ئانا تۇپراق مۇقەددەس سەجدىگاھىمدۇر.

* * *

كۆڭۈل مۈلكىدە جاي يوقتۇر سىنىڭدىن ئۆزگىگە مۇتلەق،
قەسەميادىم ئۈچۈن مىسكىن مېنىڭ ئۆلمەس گۇۋاھىمدۇر.

1968 - يىل 15 - فېۋرال، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# شائىر دوستۇمغا

(مۇۋەششەھ)

يىلىنجاپ يانمىسا دانكو يۈرەگى قارا تۇرماندا،
ئىچۈكمۇ يول تاپاتتى ئەل پايانسىز شۇ شەبىستاندا.

ئامانەت تۇرغىچە بۇ جان شۇ چاغلىق تەندە ملك بىقسىپ،
جاراڭلاپ ۋايىگە يەتسۇن كۈرەشچان كەگرى مەيداندا.

لەئەل ـ ياقۇتقا كىم خۇشتار ئىدى ئۇ چىقمىسا تاشتىن،
ۋەتەننىڭ بەختىگە ياگرات كۈيۈگنى دەۋرى ـ دەۋراندا.

قاناتلان جەڭگىۋار سەپكە، ئەمەستۇر ئارزۇ شۆھرەت،
تۆكۈلسە ئۈنچىدەك تەرلەر ئېچىلغاي گۈل تىبيانشاندا.

ئېگىلمەس قامىتى بىرلە ئۇلۇغۋار تاغدىكى قارىغاي،
سوقۇپ تۇرغان بىلەن چاپقۇن ئۈنى دەھشەت زىمىستاندا.

نە يانلىغ بەخت ئىدى بىللە ناۋائى ۋارىسى بولساق،
پىېزىپ بۇلبۇل نىلى بىرلە غەزەللەر باھارىستاندا.

1968 ـ يىل 3 ـ مارت، ئۈرۈمچى

# تووۋا دەپ تۇتتۇم ياقا

تووۋا دەپ تۇتتۇم ياقا، ھەربىر قاراپ ئەتراپقا مەن،
تولغىنىپ كەتتىم يىلان چاققان كەبى ئازاپتا مەن.

ئىمە بۇ، بىر چۈشمۇ يا دەھشەت «قىيامەت» بولدىمۇ،
ياكى ئەلنىڭ ئەجىلى ـ پەيمانىسى ئىق تولدىمۇ؟
ئاندا قىيقاس،

مۇندا ئۇر ـ چاپ،

قول سۇنۇق،

باش ـ كۆز يارا،

نى يىگىت ـ قىزلار ياتۇر جان تالىشىپ مەيدان ئارا.

تۈنۈگۈن «يولداش» دىيىشكەن جان بۇرادەرلەر بۈگۈن،
بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرۈشتە بەسلىشەرلەر كۈن ۋە تۈن.

بولدى مەكتەپ زاللىرى قىرغىنچىلىق قورغانلىرى،
تەجرىبە ئەسۋاپلىرى ــ بومبا ياساش سايمانلىرى،

www.uyghurkitap.com

كارخانا نەيزە ياسار، ئۇغاق سوقۇشنى ئوختىتىپ،
كېيدى قالپاق① بەزىلەر گېتلىر ساراڭغا ئوخشىتىپ.

ئاقتى قانلار كوچىلاردا، ئاقتى زاۋۇت سېخىدا،
ئۆلىنىپ قالدى جەسەتلەر گاھ دەرەخلەر شېخىدا.

ئاقتى قان، ئاقتى قېرىنداش ھەم بۇرادەرلەر قېنى،
نىمە دەپ يەكۈن ياساركىن بۇڭا تارىخ بىر كۈنى!

تووۋا دەپ تۇتتۇم ياقا، ھەر كۆنلۈگى قانغا قاراپ،
شۇنچە قانغا كىم خەلقنىڭ ئالدىدا ئېيتار جاۋاپ؟

1968 - يىلى ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى

① بۇ يەردە تۆمۈر قالپاق مەنىسىدە.

# كۈز كېچىسى

زىندانىنىڭ ئىچىدەك قاراڭغۇ كېچە...
ھۇلايدۇ ئىزغىرىن، قۇترىغان بوران.
ئېگىلىپ دەرەخلەر، سۇنىدۇ شاخلار،
ئۇچىدۇ سارغايغان ياپراقلار ھەريان.

گۈكىرەپ ماشىنا، دىرىلدىدى تام،
ئاچقىچە ئۆلگۈرمەي، سۇندى دەرۋازا.
كىرىشتى باستۇرۇپ بىر توپ «ئىسيانچى»،
چىراقتا پارقىرار قالپاق ۋە نەيزە.

تىك تۇردى ئورنىدىن يېرىم كىيىنىپ،
بۇ دەھشەت ئالدىدا تېڭىرقىپ ھېيتەم.
دالاندا ئانىسى ياپراقتەك تىترەر،
يېنىدا ئېغىر بوي خوتۇنى پاتەم.

بىردەمدە ئۆي ئىچى قىلىندى پايمال،
چېقىلدى ھەتتاكى گۈل تەشتەكلىرى.
تېگىپ مۇشت ھېيتەمنىڭ ئېغىز - بۇرنىغا،
بويالدى قىزىلغا يەڭ - ئېتەكلىرى.

دەھشەتكە چىدىماي ئېسىلدى پاتەم،
قوشۇلدى ھەم ئانا، كۆزلىرىدە ياش.
دىدى ئۇ: «باللىرىم، نىمە قىلىق بۇ،
ئەمەسمۇ ھەممىڭلار بىر دوست - قېرىنداش؟

گۈگچەنداڭ ئەزاسى دەپ ماختاپ ئۇنى،
دەيتتىڭلار ئەمەسمۇ ياخشى بىر يولداش.
شۇنچىلىك ئۆزگىرىپ كەتتىمۇ دۇنيا،
بۇ نىمە كارامەت، بۇ نىمە تالاش؟»

ۋە لېكىن باغلىشىپ ھېيتەمنى ئۇلار،
مېڭىشتى سۆرىشىپ، پىسەنت قىلىشماي.
يېپىشتى ھېيتەمگە پاتەملەرمۇ تەڭ،
سۆرىلىپ، ئۇلاردىن بىرمۇ قېلىشماي.

شۇ چاغدا بىر جاللات تەپتى پاتەمنى،
يىقىلدى ئۇ بېرىپ ئورەك ئىچىگە.
گۆرۈلدەر ماشىنا ۋەھىمە بىلەن،
دەھشەتنى ئۇن قىلىپ، قوشۇپ كېچىگە.

ئورەكتىن ئاڭلىنۇر يىغا ئاۋازى،
بىر مەسۇم بوۋاقنىڭ يېرىم جان ئۇنى.

كۆزى ياش، پەرىشان ئانا يىغلايدۇ،
بىر ياندا پاتەمىنىڭ ئىڭرىغان ئۈنى...

زىندانىنىڭ ئىچىدەك قاراڭغۇ كېچە —
ئالەمگە يايماقتا دەھشەتلىك قانات.
نىمىكىن ئاقىۋەت، نىم بولار زامان؟
نىمە كۈن كۆرەركىن يەنە بۇ ھايات؟

1968 - يىل 1 - نويابىر، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# «ئىت ئۈرەر، كارۋان يۈرەر»

«ئىت ئۈرەر، كارۋان يۈرەر، قايتماس ئىزىدىن ئارسلان»،
بىلسە ئادەم، بۇ ئۆمۈرنىڭ ھەر كۈنى بىر ئىمتىھان.

مەيلى ئىتلار ھاۋشىسۇن، چاقسۇن يەنە ھەرە، پاشا،
بول ۋاپا، ۋىجدان بېغىدا مەڭگۈ بىدار باغىبان.

تەنە ـ تۆھمەتتىن خالى بولماي ئۆتتى تا لوقمان ھېكىم،
ھەممىسى بىتتى، لېكىن قالدى ھېكىمدىن نام ـ نىشان.

بىر ماقال باردۇر «كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس» ئىمىش،
يولچىغا مەنزىل توشامدۇ بولسا يۈزلەپ مۇز داۋان.

مەيلى چىقسۇن بورىنى، ياغسۇن ۋە ھەتتا مۆلدۈرى،
كەل نىگار، ۋەتەن بېغىغا تەڭ بولايلى پاسىبان!

1969 - يىل 20 - ئىيۇن، ئۈرۈمچى

# غەزەل

كۆپەيدى دۈشمىنىم دەپ ھەرگىز كۆڭۈلنى غۇبار قىلما،
مېنىڭ ھېچ دۈشمىنىم يوق دەپمۇ ھەرگىز ئىپتىخار قىلما.

ئەگەرچە بولمىسا دۈشمەن، نىمە قەدرى بولۇر دوستىنىڭ،
ھاياتنىڭ مەنزىلى شۇنداق، بۇڭا كۆپ ئېتىبار قىلما.

تەپەككۇر ئەيلىسەڭ بىردەم، بىلۇرسەن سىرى ھېكمەتنى،
جاھاندا بىرمۇ دۈشمەنسىز ئۆتتۈشنى سەن شۇئار قىلما.

چاياندىن ئېھتىيات قىلماس ئىدىڭ ئۇ چاقمىسا ئەلنى،
دىمەك ھۇشيار قىلۇر دۈشمەن، سەن ھەم غەپلەتنى يار قىلما.

ۋە بەزەن دوستلىرىڭ ياپقان ئەيىبىڭنى ئاچۇر دۈشمەن،
بۇ ھەم بىر ياخشى پۇرسەتتۇر، ئۇنى كۆرمەكنى ئار قىلما.

مەلامەت، تەنە، تۆھمەتنى بېشىڭغا ياغدۇرار بولسا،
ساۋاق ئال ھەممىدىن بىر - بىر، قېچىشنى ئىختىيار قىلما.

ئەقىلسىز، تەلۋە دوستلاردىن زىرەك دۈشمەن ئىمىش ياخشى،
كۆپەيدى دوشمىنىم دەپ مىسكىن كۆڭۈلنى غۇبار قىلما.

1969 - يىل 2 - سېنتەبىر. ئۈرۈمچى

# ناۋايى غەزىلىگە مۇخەممەس

سايىدەك ئەگەشتى ھىجران باغلىنىپ نامىم بىلە،
بىر سۆيۈنسەم نىم بولاتتى ۋەسلى ئەييامىم بىلە،
شۇنچە يىللار كۈيلىسەممۇ زەۋقى ئىلھامىم بىلە،
بىر قەدەھ مەي ئىچمىدىم سەرۋى گۈلەندامىم بىلە،
بىر نەپەس ئۆيرۈلمىدى دەۋران مىنىڭ نامىم بىلە.

مەنمۇ غەمسىز ياش گۆدەك بولدۇم ئىسىمدە بىر زامان
ئەمدى مەندەك مۇپتىلانى ھېچ تاپالمايدۇ جاھان.
مەي شىپا بولغاي دىدى، مەن مەيپەرەس بولدۇم شۇئان.
ھەر مەيىكىم ئانىسىز ئىچتىم تاپقىلى غەمدىن ئامان،
زەھەرى غەم گويا ئىزىلمىش ئىردى ئول جامىم بىلە.

دەر ئىمىش بۇلبۇل سەھەردە «مەن گۈلۈم ئارمانىدا»،
قانچىلىك ئارمان ئاڭا، تۇرسا ئۆزى گۈل يانىدا.
بىر كۆرەلمەي يار يۈزىنى قان يۇتۇپ ئەيخانىدا،
تۈنگە يەتمەس كۈننى ئۆتكۈزدۈم ئۆلۈپ ھىجرانىدا،
كۈنگە يەتكەيمەنمۇ ۋەھ بۇ سۈبھى يوق شامىم بىلە.

مەيلى دەر پەرۋانە ئەلۋەت، قانچە كۆيدۈرسە چىراق، ٢
كەتمىگەي يار سۈرىتى ھەرگىز خىيالىمدىن يىراق.
بىر كۆڭۈلگە سىغماس ئېركەن ئىككى يار، ئىككى پىراق،
كۆڭلۈم ئىچرە يار غېمى، كۆپىر ئىچرە ئۆلسەم ياخشىراق،
ئەھلى زەھد ① ئالدىدا بار غۇنچە بۇ ئىسلامىم بىلە.

يەنە كۆيدۈرگەي پىراق، مەنمۇ كۆيەي ھېچ ئۆچمەيمەن،
ھەر ساباھ ئۈمىت بىلەن ئۆزگە خىيالغا كۆچمەيمەن،
ئۆلمىگەي مىسكىن لېكىن ۋىسال كۈنىنى قۇچمەيمەن،
ئى ناۋايى ئۆلسەم ئارمان ئىلتىكۇمدۇر ئىچمەيمەن،
بىر سۇبۇھى ② گۈلئۈزارى بادە ئاشامىم ③ بىلە.

1969 - يىلى دېكابىر، ئۈرۈمچى

---
① ئەھلى زەھد — زاھىتلار، رىياكار موللىلار.
② سۇبۇھى — ئەتىگەن، تاڭ سەھەر.
③ ئاشام — ئىچمەك. بادە (مەي) ئىچمەك.

www.uyghurkitap.com

## باھار ۋەسلىگە مۇشتاقلىق

چىراق ئوتىدا پەرۋانە
كۆيەر مەردانە ـ مەردانە،
گۈزەل ۋەسلىڭگە ئەي دىلبەر
بولاي قۇربانە ـ قۇربانە.

كۈلۈپ كەلگەن ئىدىڭ بىر چاغ،
يېتىپ ۋەسلىڭگە گۈلشەن باغ.
قايان كەتتى ئاشۇ كۈنلەر،
كۈنۈم سەرسانە ـ سەرسانە.

پىراقىڭدا بولۇپ مەجنۇن،
يانارمەن شەمئىدەك ھەر تۈن.
ئېرىپ جىسمىم، ئاقار كۆزدىن
يېشىم دۇردانە ـ دۇردانە.

ساچىم بەلدە، ھاسام قولدا،
بۇ نۇرسىز كۆزلىرىم يولدا.

كىشى كۆرسە بۇ ھالىمنى
بولۇر ھەيرانە ـ ھەيرانە.

گۈزەل ھۆسنۈڭنى بىر كۆرمەي،
ئاياغىڭدا بېشىم قويماي،
ئۆتەرمۇ ئۇشبۇ ھەسرەتتە
ئۆمۈر غەمخانە ـ غەمخانە؟

يېنىپ كەلسەڭ يەنە باققا،
قونۇپ بۇلبۇل كەبى شاخقا.
تاماشا ئەيلىسەم بىردەم
يۈرۈپ سەيلانە ـ سەيلانە.

جامالىڭ نۇرىلە بىردەم
مۇنەۋۋەر ئەيلىسەڭ كۆلبەم،
سائادەت شۇ ئىدى مەڭگۈ
ماڭا يىگانە ـ يىگانە.

قۇياش يۈزىگە كىر قونماس،
ئۈمىتىمىڭ قانىتى سۇنماس.
يولۇڭدىن نائۈمىت بولماق
ماڭا بىگانە ـ بىگانە.

ناۋايى ئىزىدىن مىسكىن
كۆرەي دەپ مەيدا يار ئەكسىن،
ئېلىپ قولغا ساپالىنى
كېزەر مەيخانە ـ مەيخانە.①

1970 - يىل 30 - مارت، ئۈرۈمچى

---

① بۇ ئاخىرقى كۇبلېت ئەلشىر ناۋايىنىڭ
«ئەشرە قەتلەن ئەكسى شەمئىل، كەئسى ئەنۋارۇلھۇدا،
يارى ئەكسىن مەيدە كۆر دەپ، جامىدىن چىقتى سادا»
دېگەن مىسرالىرى بىلەن بىر ساقىنامىسىنىڭ
«خارابات ئىچرە كىردىم ئاشفتە ھال،
مەي ئىستەرگە ئىلكىمدە سۇنغان ساپال»
دېگەن مەقراتىدىكى پىكىرلەرگە نەزىرە قىلىنغان.

## يانغۇسى تاڭ مەشئىلى

قىلدى ئەپسۇن بۇ قارا تۈن يارنى كۆپ ئۇخلاتقىلى،
يوقمۇ تاڭ توخۇلىرى چىللاپ ئۇنى ئويغاتقىلى.

تاڭ كەبى پارلاق يۈزىگە ئاشتى مۇشتاقلىق، نەتەي،
يوقمۇ بوران بۇ بۇلۇتنى قايتىدىن تارقاتقىلى.

سۇنبۇلى رەيھان پۇراققا شۇنچە تەشنا بۇ دىماغ،
بىر سابا ئەسسەنە بولغاي زۇلپىنى ئويناتقىلى.

بىر كۈنۈمچە بولمىدى لوقمان ھېكىمنىڭ سەۋرىسى،
ئەمدى قانچە سەۋر قالدى ئىنتىزارلىق تارتقىلى.

ۋادەرىخا، ئۆزدىمۇ يار ياكى مەندىن مېھرىنى،
يوقمۇ بىر سۆيگۈ دۇئاسى مېھرىنى قوزغاتقىلى.

بولما مىسكىن نائۈمىت، تۈنمۇ تۈگەيدۇ بىر كۈنى،
يانغۇسى تاڭ مەشئىلى زۇلمەتكە ئوتلار ياققىلى.

1970 - يىل 12 - ئىيۇل، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئەسسە گۈل باغدىن سابا

تاڭ سەھەر ئەسسە بېغىڭدىن خۇش پۇراقلىق بىر سابا،
تەلمۈرۈرمەن مۇنتەزىر، ئىستەپ سېنى ئەي دىلرەبا.

دىلرەبا ھۆسنۈڭنى كاشكى كۆرمىسەم ئېردى شۇ كۈن،
قىلماس ئېردىم بۇ جېنىمنى مۇنچە دەرتكە مۇپتىلا.

مۇپتىلا بولغان كىشى قالماس مېنىڭدەك بىنەسىپ،
ساڭا بولغان مۇپتىلالىق ماڭا بولدى بىر بالا.

نى بالالار كەلدى باشقا، يەتتى سەۋرىم ھەممىگە،
ئەمدى سەۋرىم بىتتى، بولدۇم مەن غېمىڭدىن بىنەۋا.

بىنەۋا بولغان كىشىگە قىلمىساڭ لۇتپۇكەرەم،
ئىشقى ئەھلى مەزھىبىگە بۇ نىچۈك بولغاي راۋا؟

مۆزىدى ئۈمىتنى لېكىن بۇ سۇنۇق مىسكىن كۆڭۈل،
كەلگۈسى ياردىن خەۋەر دەپ، ئەسسە گۈل باغدىن سابا.

1971 - يىل ئىيۇن، ئۈرۈمچى

## گۈل ئەمەسكەن ياشلىغىم

(خەلق ئاخشىلىرىغا نەزىرە)

گۈل ئەمەسكەن ياشلىغىم توزمىسا يەنە ئاچىلغىلى،
ياكى كۆزدە تۆرىندەك كەتسە، باھاردا يانغىلى.

ئۆچتى ــ كەتتى قۇش كەبى، ئارماندا قالدىم ھەسرەتتا،
ئەمدى مىڭ ــ مىڭ قاقشىسام، ئىندەككە كەلمەس ھېچ يولى.

ئىدى دىگەن قىسقا ئۆمۈرنىڭ تاڭلىرى، گۈل چاغلىرى،
كەلدى باشلاپ قار ــ بورانىنى ئاينا كەچكۈز شامىلى.

كۆز يۇمۇپ ئاچقۇنچە چۈشتى ساچ ــ ساقالىمغا قىراۋ،
ئەمدى ھەرگىز سايرىماس بۇ باغدا كۆكلەم بۇلبۇلى.

گەر نىسىپ بولسا ماڭا ئابىھاياتتىن بىر قەدەھ،
نە كېرەك ئىچمەك ئۆنى سولغاندا ياشلىق سۈنبۇلى.

ساقىيا جامىڭنى تۇت، غەمدىن بولاي بىر دەم خالاس،
كەلگىچە مىسكىن جېنىمغا سوغ ئەجەلنىڭ سىگنالى.

1971 - يىل 5 - نويابىر، ئۈرۈمچى

www.uyghurkitap.com

## ئىچەي قەشقەر شارابىدىن

قاچانكى ئاڭلىدىم بىر كۆي گۈزەل قەشقەر راۋابىدىن،
كۆڭۈلگە چۈشتى بىر سەۋدا ئۇنىڭ ئوتلۇق خىتابىدىن.

ساقالىم چۈشتى كۆكسۈمگە، ھامان سەۋدالىغىم سەۋدا،
تاپالماي بىر نىشان ئەپسۇس شىپاھى ۋەسلى بابىدىن.

تەئەججۈپ ئەيلىمەڭ دوستلار، كۆزۈمدىن ئاقسا دەريالار،
ئېرەر ئەلۋەتتە قارلىق تاغ، تومۇزنىڭ ئاپتابىدىن.

جاھاندا كۈلمىدىم بىردەم، ھەمىشە ھەمرىيىم قايغۇ،
تېگەر باشىمغا مىڭ توقماق يەنە دەۋران ئىتابىدىن①.

نىتەيكىم ھىجرى دەشتىدە ئاداشقان تەلۋە مەجنۇنمەن،
نەسىبىم يوقمۇ مەنزىلگاھ يېزىلغان يول كىتابىدىن.

---

① ئىتاب — تەنە، ئاچچىق، كايىش.

كۆكەرمەس تاغدىكى ئارچا بولۇتلار تۆكمىسە تامچە،
سولۇپ تــوزغايمۇ گۈل غۇنچە بۇ تەشنالىق ئازابىدىن.

ئۇزات ساقى پىيالەڭنى، ئەجەپمۇ چاڭقىدى مىسكىن،
ئىچىپ تەشنالىغى قانسۇن ئەزىز قەشقەر شارابىدىن.

1971 - يىل 8 - دېكابىر، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## بابۇر غەزىلىگە مۇشائىرە

كۆرمىدىڭ سەن، ئەي كۆڭۈل، ئارامى جاندىن ياخشىلىق،
ئەمدى قانداق كۈتكۈلۈك ئەھلى زاماندىن ياخشىلىق!

ياخشىغا قويغان ئەقىدە ھاسىلى بولسا جاپا،
نەئەجەپكىم، كەلمىسە ھەرگىز ياماندىن ياخشىلىق.

بىر يامان مىڭبىر يامانلىق قىلسا جانغا نەئەجەپ،
بەك ئەجەپ بىر ئىش بولار كەلسە چاياندىن ياخشىلىق.

ۋاھ لىپكىن، ئات تەپسىمۇ، بۆرە ئەمەستۇر زاتىدىن،
گەر يامان ئۇچسا پەلەككە ھەم كۈتمە ئاندىن ياخشىلىق.

ياخشىدىن كەلسە يامانلىق ھەم ئاڭا قىل ياخشىلىق،
يانمىسا ئاندىن ساڭا، يانغاي پالانىدىن ياخشىلىق.

ئىستە ئۆتكۈر ياخشىلىقنى بارچە ئەۋلات بەختىگە،
كۆرمىسەڭ ھىچ گەپ ئەمەس ئەھلى جاھاندىن ياخشىلىق.

1972 - يىل 1 - مارت، ئۈرۈمچى

## ئاق ئەمەس ساچىمدىكى...

ئاق ئەمەس ساچىمدىكى، يىللار توزانى دەپ بىلىڭ،
سارغىيىپ كەتكەن يۈزۈمنى كۆز خازانى دەپ بىلىڭ.

قانچە نۇرغۇن، قانچە چوڭقۇر بولسا ماڭلاي قورۇقۇم،
دەردۇ - كۈلپەت دەۋرىنىڭ روشەن بايانى دەپ بىلىڭ.

خۇددى يۇلتۇزدەك يىلىلداپ، ياشلىنىپ يانسا كۆزۈم،
دىلدا ئارمان تاشقىنىنىڭ نام - نىشانى دەپ بىلىڭ.

ئاھ دىسەم بوران مىسالى گۆكىرەپ چىقسا ئۈنۈم،
مۇپتىلالىق دەردىدىن تاشقان پۇغانى دەپ بىلىڭ.

تاكى جىسمىمگە يېپىشتى سۆيگۈ يالقۇنى پۈتۈن،
ئەمدى بۇ جىسمىمنى بىر ئاتەش ماكانى دەپ بىلىڭ.

ھىجرى بولدى باشلىنىش، كىممۇ يازاركىن خاتىمە،
بۇ مېنىڭ ئۆمرۈمنى غەم - قايغۇ داستانى دەپ بىلىڭ.

قانچە پەرھات كۆڭلىدىنى كۆرسە مىسكىن ئەل ئۈچۈن،
بۇ ئاڭا دەۋران ئىشىنىڭ ئىمتىھانى دەپ بىلىڭ.

1972 - يىل 3 مارت، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تېپىلماس

قەسەم بىللا، سىنىڭدەك يارۇ - جانان تېپىلماس،
ۋەسلىڭ ئۈچۈن مېنىڭدەك شەيدايى جان تېپىلماس.

ئۇنچاق نىمە، ھۆر نىمە، قۇياش نىمە، ئاي نىمە،
ئالەم ئارا سىنىڭدەك ھۆسنى سۇلتان تېپىلماس.

مۈلكى جاھان تەختىدە بولسام شاھى سۇلايمان،
ياسقان ئىزىڭ خاكچە مۈلكى جاھان تېپىلماس.

غەم يۈكىدىن پۈكۈلگەن، دەھر① ئوقىدىن تېشىلگەن،
مېنىڭ ئىمجان تېنىمگە سەنچە لوقمان تېپىلماس.

ئۆلگەننى تىرىلدۈرگەن بولسا مەسىھ② ئۇ زامان،
ئەمدى جانغا سىنىڭدەك ئارامى جان تېپىلماس.

---

① دەھر — پەلەك، دەۋر.
② مەسىھ — ئەيسا پەيغەمبەر، ئەپسانىلەردا ئېيتىلىشىچە، ئۇ ئۆلۈكنى تىرىلدۈرىدىغان مۆجىزىگە ئىگە ئىمىش.

ساقا ئۇمىت، كۈچ ـ قۇۋۋەت، ئىشەنچ بېرۇر خىيالىڭ،
سەنسىز مەھزۇن دىلىمگە ھەرگىز دەرمان تېپىلماس.

قەسەم بىللا، مىسكىن جان جاھان تاپماس سېنىڭسىز،
جاھان نىمە، جان نىمە، سەنچە جانان تېپىلماس.

1972 ـ يىل 1 ـ ئىيۇن، ئۈرۈمچى

# ئىز

(شۇ ناملىق تارىخىي رومان مۇقەددىمىسى)

ياش ئىدۇق ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىپ ماڭغاندا بىز،
ئەمدى ئاتقا مىنگۈدەك بوپقالدى ئاينا نەۋرىمىز.

ئاز ئىدۇق مۇشكۈل سەپەرگە ئاتلىنىپ چىققاندا بىز،
ئەمدى چوڭ كارۋان ئاتالدۇق قالدۇرۇپ چۆللەردە ئىز.

قالدى ئىز چۆللەر ئارا، گاھى داۋانلاردا يەنە،
قالدى نى - نى ئارسلانلار دەشتى چۆلدە قەۋرىسىز.

قەۋرىسىز قالدى دېمەڭ، يۇلغۇن قىزارغان دالىدا،
گۈل چىچەككە پۈركىنۇر تاڭنا باھاردا قەۋرىمىز.

قالدى ئىز، قالدى مەنزىل، قالدى ئۇزاقتا ھەممىسى،
چىقسا بوران كۆچسە قۇملار ھەم كۆمۈلمەس ئىزىمىز.

توختىماس كارۋان يولىدىن گەرچە ئاتلار بەك ئورۇق،
تاپقۇسى ھېچ بولمىسا، بۇ ئىزنى بىر كۈن نەۋرىمىز،
يا ئەۋرىمىز.

1972 - يىل 10 - ئىيۇن، ئۈرۈمچى

# كېرەك بولسا

كۆيۈكنى دىلگە جانئەيلە، ساڭا دىلدار كېرەك بولسا،
ۋاپا لەۋزىنى ۋىجدان بىل، ۋاپادار يار كېرەك بولسا.

ناۋاكەش بۇلبۇلى شەيدا كەبى باغرىڭنى قان ئەيلە،
مۇرات ـ مەقسەت گۈلى كۆلگەن گۈلى گۈلزار كېرەك بولسا.

تىكەنلىك رەنجىدىن قورققان كىرەلمەس بۇ چىمەن ئىچرە،
جاپانى جانغا راھەت بىل، ساڭا دىلدار كېرەك بولسا.

جاپا مەڭگۈ ئەمەس ھەرگىز ئەقىدە ساقلىسا ئاشىق،
ئۈمىدنى مەھناھ مىلىغىنى ئەگەر سەردار كېرەك بولسا.

كۆرۈك بۇلبۇل كېچە سەھلاپ نالە ئاتتى. گۈل ھۆسنىنى كۆردى،
بۇ گەپنى ئىچىنى تۆرەلا يوق يانا سەييار كېرەك بولسا.

لېكىن بور تىر ئەلەم تۈتى بولالماس ھېچقاچان بۇلبۇل،
ئېلىمىڭ بۇ تۈنىدىنى ئىبرەت، ناموسى ئار كېرەك بولسا.

جۇنۇن سەھراسى گەر چەكسىز، ھەقىقەت مەنزىلى روشەن،
ئېلىمىڭنىڭ ئىشقىنى كۈيلە، ساڭا ئەشئار كېرەك بولسا.

1977 - يىل 8 - ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى

www.uyghurkitap.com

# غەنىمەت

ئۆزات ساقى قەدەھنى، كەلدى پۇرسەت غەنىمەت،
قەدىرشۇناس دوست بىلەن بىردەم سۆھبەت غەنىمەت.

تۆنۈگۈنكى يارەنلەر قاراپ باقساڭ بۈگۈن يوق،
بىلە دوستلار ئۆزىنى، قەدىر - قىممەت غەنىمەت.

نوھ ئۆمرىگە باقا يوق، ئىسكەندەرمۇ ياش كەتتى،
«ئۆتكەن ئۆمۈر — ئاتقان ئوق»، مىنۇت - سائەت غەنىمەت.

نى خاقانلار قالمىدى، ئىبىن سىنا ئۆلمىدى،
ئىز قالغۇدەك بىر ئىشقا سىڭگەن مېھنەت غەنىمەت.

«ئەجدىھاسىز غەزنە يوق، گۈل ئېچىلماس خارىسىز»،
چەكسە ئاشىق يار ئۈچۈن قانچە كۈلپەت غەنىمەت.

ھەر ئىرادە ساھىبى قازسا قۇدۇق يىڭنىدە،
ئىچۇر ئاخىر سۈيىنى، دىمەك ھىممەت غەنىمەت.

مىسكىن ئېيتۇر: يالتىراق ساختا شۆھرەت نەكېرەك،
غۇربەت ئىچرە پۇرسەتمۇ ئەلگە خىزمەت غەنىمەت.

1978 - يىلى 3 - فېۋرال، ئۈرۈمچى

# ياخشى

تىرىكتاپ قاغا ـ قۇزغۇنغا جاھانسازلىق ھاۋا ياخشى،
سەھەر گۈلشەندە بۇلبۇلغا ياقا يىرتىپ ناۋا ياخشى.

كېرەكمەس يالتىراق شۆھرەت بىلەن مەستانە غـاپىللار،
ۋەتەننىڭ دەردىگە دەرمان جاپاكەش ئاشنا ياخشى.

تېگىشمەس جەندىنى ئاشىق ياقاسى زەر تاۋا تونغا،
كى دىلبەر ۋەسلىدە سەرسان قەلەندەرگە كۈلا ياخشى.

قەسەم بىللا، تامايىم يوق با ھەيۋەت قەسرى زىننەتتىن،
پىشانەم تەرىدىن پۈتكەن بى مىننەت بورىيا ياخشى.

مېنىڭ تاج ـ سىز ساياق باشىم ئۆزەمگە تاجۇ ـ دۆلەتتۇر،
ئېرىكسىز پادىشالىقتىن جاھانگەشتە گـادا ياخشى.

نەھاجەت جەننەتۇل مەئۋا، ۋەتەننىڭ قوينى بىر جەننەت،
بېلىق دەريادا ئەركىندۇر، لىچىنغا كەڭ ساما ياخشى.

مەلامەت يەتسىمۇ بەزەن دىلىمغا ئۆز دىيارىمدا،
بوسۇقتىن دالجىماس ئىتتەك ماڭا ئەھرۇ ۋايا ياخشى.

1979 - يىل 3 - سېنتەبىر، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ياڭرات ۋەتەن مۇقامىنى

ئەي سازىم، سازلان بۈگۈن، سازلان يەنە سەن ياخشىراق،
تۇغسا چولپان، كۈلسە گۈلشەن، مەن نېچۈن ئېيتماي قوشاق؟

باغ، ئەنە كۈلمەكتە بۈگۈن، مەڭزىدە گۈل جىلۋىسى،
ھەر سەھەر ئالتۇن شەپەقتىن چېچىلىپ سانسىز باشاق.

تاڭ بىلەن چىللاپ گۈدۈك كەلگۈسىدىن ئېيتسا خەۋەر،
خۇشلۇغۇڭ سىغماس تېنىڭگە، گېپى گە سالساڭ قۇلاق.

قوش ئۈنۈڭنى ئەل كۈيىگە، بول دېڭىزنىڭ تامچىسى
شاقىراپ ئاققايمۇ دەريا، بولمىسا سانسىز بۇلاق.

خوش بولار ئانا ۋەتەن، داۋان ئېشىپ ماڭغاندا ئەل،
سوڭغى نارنىڭ بويىندا بولسام ئەگەر بىر قوڭغۇراق.

نەقەدەر زور بەخت ماڭا ئۆزۈن سەپەر مەنزىلىدە،
بىر قاتار مەشئەل ئارا بولالىسام بىر شام ـ چىراق.

كاشكى جان بىر باغ ئوتتۇنغا ئەرزىسە ئارمان نىمە،
ۋەتىنىم گۈلخانىدا يانسام چاراسلاپ تا ئاداق.

ئەي سازىم، ئەۋجىڭ بىلەن ياڭرات ۋەتەن مۇقامىنى،
ئەمدى تەگمەس ئەل كۈيىنى كۈيلىسەڭ باشقا تاياق.

1979 - يىل 10 - نويابىر، ئۈرۈمچى

❁❁❁❁❁

www.uyghurkitap.com

## تېخى كۆپ ئىمتىھان شۇنچە

سەھەر گۈلشەنىدە بۇلبۇلنىڭ ناۋاسى خۇش راۋان شۇنچە،
نە خۇشكى، تىڭشىساڭ گاھى يانار ئاھۇ ـ پىغان شۇنچە.

نىچۈن بۇلبۇل پىغانساز دەپ، كىشى تاڭ قالمىغاي ھەرگىز،
ئايانكىم، گۈلمۇ ھەر تاڭدا قىلۇر باغرىنى قان شۇنچە.

تەپەككۇر ئەھلىگە بىر سىر ئەمەس بۇ ئىشقى دۇنياسى،
تىكەنلىك مەنزىلى كۆپتۇر، يەنە تاشلىق داۋان شۇنچە.

ھەۋەس باشقا، ئىشق باشقا، ئەمەستۇر سۆيگۈ ئاۋۇنچاق،
كىمىكى بولسا چىن ئاشىق، ئاڭا بۇ گەپ ئايان شۇنچە.

ئۆتۈپ يىللار، كۆچۈپ قۇملار، قېرىپ كەتكەندىمۇ دۇنيا،
مۇھەببەت خۇددى ياش قىزدەك سۈرەر دەۋران ھامان شۇنچە.

رىۋايەتتە تۇگۈل، بەلكى ھەقىقى لەيلى ـ مەجنۇنلار،
پېتىلمەكتە زامانەمدە يەنە مىڭ ـ مىڭلىغان شۇنچە.

يىرىپ تۈن باغرىنى ھەر كۈن شەپەق يايغان كەبى ئاپتاپ،
مۇھەببەت ئەھلى ئاھىدىن قىزارمىشتۇر جاھان شۇنچە.

ئادەمزات سۆيگۈ بابىدا ئوقۇپ ئۆتتى ھىساپسىز دەرس،
لېكىن ئاشىق ئۈچۈن تاڭنا تېخى كۆپ ئىمتىھان شۇنچە.

كىمكى باغلىسا مەڭگۈ ۋەتەنگە ئىشقىنى بىشەرت،
نى مۈشكۈل ئىمتىھانلارمۇ بولۇر قەتئى ئاسان شۇنچە.

1980 - يىل 19 - مارت، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## باھار كەلدى①

باھار كەلدى، جاھان كۈلدى
كۈلەر مەستانە ـ مەستانە.
ئېرىپ قار ـ مۇز، ئاقار ئەگىز
ئاقار دۇردانە ـ دۇردانە.

باھار كەلدى، ياشاردى چۆل،
ياشاردى ھەم ساماۋى كۆل.
بۇقۇلداپ قىردا كەكلىكلەر،
كېزەر ھەر يانە ـ ھەر يانە.

بۇلۇتسىز كۆك گويا ئەينەك،
ئۇچار كۆكتە قاتار لەگلەك؛
نە لەگلەك، بەلكى ئاققۇلار
ئۇچار جەۋلانە ـ جەۋلانە.

باھار كەلدى، چىمەن كۈلدى،
چىمەندە گۈل تۈمەن كۈلدى.

① بۇ شېئىر «باھار ۋەسلىگە مۇشتاقلىق» دېگەن شېئىرغا مۇشائىرە سۈپىتىدە يېزىلغان.

نه گۈلكى ھەممە جان كۈلدى،
كۈلەر جانانە ـ جانانە.

چېچەكلەر بەرگىدە شەبنەم،
قۇياشتا يالتىرار ھەردەم.
ئېچىلغاچ گۈل، قىزىل مەيگە
تولۇر پەيمانە ـ پەيمانە.

باھار كەلگەچ يېتىپ باققا،
قونۇپ بۇلبۇل كەبى شاخقا.
سەنەممۇ سەيلىگە چىقتى
يۈرۈپ سەيلەنە ـ سەيلانە①.

باھار كۈلدى، قۇياش كۈلدى،
قۇياشلىق ئەلمۇ خۇش كۈلدى.
رەقىپلەر قان يۇتار ئەمدى،
كۈنى ۋەيرانە ـ ۋەيرانە.

باھار كەلدى، ياشاردى جان،
جىرىڭلار قولدا ئالتۇن جام.
بولۇپ ئەل بەختىگە ساقى،
كېزەي مەيخانە ـ مەيخانە.

1980 ـ يىل 23 ـ مارت، ئۈرۈمچى

① بۇ مىسرا «غېرىپ ـ سەنەم» داستانىدىن ئېلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# خوشلۇغۇم

بىر خەۋەر كەلگەچ بۈگۈن تاشلانىدى دەپ ئالغا قەدەم،
تەڭگە سىغماي خوشلۇغۇم، ئالدىم شۇئان قولغا قەلەم.

كۆلسە گۈلشەن ئىچرە بىر گۈل نەۋ باھار ئەييامىدا،
نە ئۈچۈن بۈلبۈل بولۇپ سايرىماسمەن ئۇشبۇدەم.

ئەزگەي بۇ كۈن ئۈچۈن بىز ناغرا – سۇناي ياڭرىتىپ،
خۇددى توي تارتقان كەبى ئىپتساق قەدەمدە يار سەنەم.

ئاندا ئاقتاش①، مۇندا بۇغدا، تاكى قەشقەر ھەم خوتەن،
ئاڭلىسا توي نەغمىسىنى ئاپىرىن دەر غۇلجا ھەم.

باس يانا ئالغا ئەزىز يۇرتۇم پويىزدەك ئالغا باس،
چۆللىرىڭمۇ بولغۇسى شۇ يول بىلەن باغى ئەرەم.

گەرچە مەنزىل يول ئۇزۇن، ئىقبال قۇچاغى كەڭ ھامان،
چۈنكى باغداش② ئۈستىگە تىكتى قۇياش ئالتۇن ئەلەم.

1980 - يىل 20 - ماي، ئۈرۈمچى

① ئاقتاش — قۇمۇلدىكى تاغلارنىڭ ناملىرى.
② باغداش — قۇمۇلدىكى تاغلارنىڭ ناملىرى.

# خوش مۇبارەك بۇ ئىشىڭ

ژورنال چىققاچ توۇنجى رەت قۇمۇل دىگەن نام بىلەن،
تەبرىكلىدىم يىراقتىن شەرۋەت تولا جام بىلەن.

خوش مۇبارەك بۇ ئىشىڭ، ئەزىز يۇرتۇم گۈل دىيار،
سەنمۇ ياشناپ كۆكلىدىڭ ئەلگە كەلگەچ خوش باھار.

قۇمۇل دىگەن قەدىم يۇرت، ئاتىغىڭ بار جاھاندا،
تارىخ گۇۋا بۇنىڭغا ھەرقاچان، ھەر زاماندا.

«يىپەك يولى» بۇ يەردىن ئايرىلاتتى بىر تارماق،
قاتار ـ قاتار تۆگىلەر جاراڭلىتىپ قوڭغۇراق.

بۇ يەردىن چىققان كارۋان بويلاپ پامىر، تىيانشان،
ئۇزاقلارغا كېتەتتى بېسىپ دەشتۇ ـ باياۋان.

چاڭئەندىن يۈكلەپ تاۋار، خوتەندىن شايى ـ ئەتلەس،
رۇم ئېلىگە باراتتى، مەنزىل كېزىپ بەسمۇ ـ بەس.

يېنىشىدا تۆگىلەر يۈكلەپ ياقۇت، كەھرىۋا،
قىزىتاتتى بازارنى تويي كۈندەك ھەر سابا.

شۇندا نامىڭ جاھانغا يېيىلغانتى دەممۇ ـ دەم،
ئەزەلدىنلا سەن ئىدىڭ ئەل ئىچىدە مۆھتەرەم.

ئەمدى بۈگۈن تۆگىگە نىمە ھاجەت، نە ئورۇن،
تۆمۈر بۇقا سۆرەيدۇ قىرىق ـ ئەللىكلەپ ۋاگون.

ئېچىلدى يەرنىڭ سىرى خاڭچى ئەرلەر تەردىن،
يېڭى ـ يېڭى خوش خەۋەر كېلۇر قۇمۇل شەرىدىن.

ژورنال چىقتى دەپ ئاڭلاپ قۇمۇل دىگەن نام بىلەن،
قۇتلاپ سېنىڭ تويۇڭنى شەرۋەت تولا جام بىلەن.

شەنىگگە قوشاق قاتتىم ئاتاپ ساڭا ئىلھامنى،
قوبۇل قىلغىن جان يۇرتۇم، بۇ ئەرزىمەس سوغامنى.

1980 ـ يىل 31 ـ ماي، ئۈرۈمچى

# بۇيلۇق

بىر كۆرۈپ ھۆسنۈڭنى ئەي دىلبەر ماكان،
با ۋۇجۇدۇم بولدى مەپتۇن ئۇشبۇ ئان.
قايىنغاچ ئىلھام بۇلاغىم جۇش ئۇرۇپ،
ئۇچتى پىكرىم كەڭ سامادا قۇش بولۇپ.

بىر قەدىمي توپا تاغ، باشى قاقاس،
باغرىدا چاقنار ئىكەن گۈل ئەتىياز.
شۇ قاقاس تاغدىن تامار چىم - چىم بۇلاق،
مەرۋايىتتەك تامچىسى رەپ پاقىراق.
ئاندا بىر گۈل، چايقىلار كۆن شولىسى،
قوينىدا ئالتۇن بىلىقلار جىلۋىسى.
ئويلىدىم «جەننەت» دىگەن يەر قانچىلىك،
بولسا باردۇر ئۇزلىغى بىر سەنچىلىك،
ئەي، گۈزەل بۇيلۇق دىگەن جەننەت ماكان،
كىم ساڭا بەرمەس كۆڭۈل كۆرگەن ھامان.

گۈللىرىڭنىڭ ھۆسنىدىن مىڭ ئايلىناي،
گۈلشىنىڭ ئەتراپىدا بۇلبۇل بولاي.
ئاندا چوغلۇق بىرلە مودەن مىرزىگۈل،
مۇندا ئەترە بىرلە نەركەس، سەبدىگۈل.

www.uyghurkitap.com

قانتىم بولسا ئىدى، ئۇچسام ئىدىم،
كېپىنەكتەك ۋەسلىڭگە قانسام ئىدىم.
ئەي، گۈزەل بۇيلۇق دىگەن جەننەت ماكان،
كىم ساڭا بەرمەس كۆڭۈل كۆرگەن ھامان!

بۈك - باراقسان باغلىرىڭنى نىمە دەي،
قايسى تىل بىرلە ئۇنى تەرىپ ئېتەي.
پاقىراپ تۇرغاچ باراڭدا ساپ ئۈزۈم،
جىلۋىسىدىن ھەر نەپەس تالدى كۆزۈم.
«نىمە بۇ، ياقۇتمۇ ياكى كەھرىۋا،
ياكى زۇمرەت، قاش تېشى زەپ دىلرەبا؟» —
دەر ئۇنى شاخ - شاخىدا كۆرگەن كىشى،
ئاق، قىزىل سايىۋا، بىجاقى، كىشمىشى.
قىزىرىپ تۇرسا ئانارىڭ غۇنچىدەك،
خۇددى تۇرپان قىزلىرىنىڭ مەڭزىدەك؛
تامسا شاپتۇل، ئەنجۈرىڭنىڭ شەرۋىتى،
جانغا جان قوشسا ئۇنىڭ تەم - لەززىتى،
كىم سىنى تەرىپلىمەس زەۋقى تېشىپ،
خۇددى بىر قاينام كەبى شەۋقى تېشىپ!

ئەي، گۈزەل بۇيلۇق دىگەن گۈلباغ دىيار،
بەختۇ ئىقبال مەڭگۈ بولسۇن ساڭا يار!
سىنى گۈلباغ ئەيلىگەن ئەل ياشىسۇن،
ياشىسۇن، خۇددى سىنىڭدەك ياشنىسۇن.

1980 - يىل 29 - سىنتەبىر، تۇرپان

## ئىدىقۇت①

نامى مەشھۇر ئىدىقۇت شەھرى شۇمۇ،
ئىسم دىگەن تېز چۆگىلەيدۇ بۇ پەلەك!
ئىككى ئون ئەسىر دىگەن ئاز گەپمىدى،
بىر ئەسىر يۈز يىلغا تەڭ تۇرسا، دىمەك.

قانچە قۇملار كۆچتى، قانچە يەل سوقۇپ،
قانچە خانلار ئۆتتىكىن دەۋران سۈرۈپ؟
ھېچبىرىدىن قالمىغان ئىز ۋە نىشان،
بىرلا قورغان تۇرىدۇ قەد كۆتىرىپ.

ئىسم دىگەن پۇختا بۇ قورغان تاملىرى،
ئۇنى سوققان مەرت يىگىتلەر كىمكىن؟
ھەر بىرى گويا تولۇقتەك كېسەكى،
ئۇنى قويغان ئەزىمەت دىۋىمىكىن؟

① ئىدىقۇت — مىلادىدىن بۇرۇنقى 1 ئەسىر ئۆپچۆرىسىدە بىنا قىلىنىشقا باشلىغان قەدىمقى ئۇيغۇر شەھرى. ھازىر ئۇنىڭ خارابىسى تۇرپاندا.

ئاندا پەشتاق قالدۇغى، مۇندا مۇنار،
قۇم بېسىپ ياتقان پەلەمپەيلەر قاتار.
كىم بىنا قىلغان بولغاي بۇ قەسرنى،
شۆھرىتى ئالەمچە بار، ئالەمچە بار.

كۆچتى قۇملار قانچە ـ قانچە يەل سوقۇپ،
ئۆتتى ئەجدات ئوق ئېتىپ، ئات چاپتۇرۇپ.
قالغىنى بىزگە تەۋەرۈك تۇپىسى،
بىزمۇ قەسىر قۇرماقتىمىز يەڭ تۈرۈپ.

نى ئاجايىپ قەسىرلەر بولغاي بىنا،
شۇ زېمىنىنىڭ تۇپىسى بولسا ئامان.
ئىدىقۇت شەھرى ـ پەقەت خارابە، بەس،
تاڭ قالۇر يېڭى شەھەرلەرگە جاھان!

1980 - يىل 2 - ئۆكتەبىر، تۇرپان

ﮑﮑﮑﮑﮑ

## بېزەكلىك①

قاقلىنىپ ئاپتاپتا ياتقان بىر جىرا،
ئەجدىھادەك تولغىنىپ ئاققان سۇيى.
ئىككى يان مىستەك قىزارغان توپا تاغ،
قاسنىغى بىر يار ئىكەن تىرەك بويى.

ئاشۇ يارنىڭ باغرىدا تىلسىم كەبى،
توپا غارلار بار ئىكەن قاتار - قاتار.
ئۆتتىسىمۇ شۇنچە ئەسىرلەر ئارىدىن،
كۆزنى يۇمماي ھامان ئويغاق ياتار.

نىمىنى ئويلايدىكىن ئويغاق يېتىپ،
سەرگۈزەشتىلەر يادىغا يەتتىمىكىن؟

---

① بېزەكلىك — تۇرپان ناھىيىسىنىڭ سىڭگىم ئېغىز دىگەن يېرىگە جايلاشقان مەشھۇر «مىڭ ئۆي»لەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ بىنا قىلىنغان دەۋرى مىلادى 5 - ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ. بۇ يەردىكى غارلارنىڭ تاملىرىدا قەدىمقى ئۇيغۇر يۇرتىدا مەدەنىيىتىنىڭ ئاجايىپ نادىر گۈزەل سەنئەت نامايەندىلىرى بولغان تام سۈرەتلىرى ۋە نەقىشلەر بار. بۇ قىممەتلىك ئاسارە - ئەتىقىلەر — جاھانگىرلارنىڭ تالان - تاراجىغا ۋە ئەكسىيەتچى كۈچلەر بىلەن «4 كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ قاتتىق بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچراپ، بىر خارابە ھالىغا كەلگەن. يېقىندىن بۇيان قايتا تىكلەنمەكتە.

ياكى قونغان چاڭ توزاڭلارغا قاراپ،
كۆڭلى ھەريان چېچىلىپ كەتتىمىكىن؟

ياكى شۇم ئالۋاستىلارغا غەزىۋى
قاينىغاچ، ئاچچىق يۇتۇپ ياتامدىكىن؟
ياكى كۆز، قۇلاق، بۇرۇن ھەتتا يۈرەك
ئۆزرە تەككەن تىغ ئىزى قىينامدىكىن؟
ياكى ئۇبدان ئاسرىماي قويغان ئۈچۈن
بىزنىمۇ كايىش بىلەن قاغامدىكىن؟

كايىساڭ ھەم قاغىساڭ، ھەققىڭ سېنىڭ،
ئەي، گۈزەل سەنئەت پىرى قۇرغان ماكان.
راست ئەمەسمۇ، دۆڭ پېشانە تەلۋىلەر،
باش - كۆزۈڭگە يۇندا چاچتى بىر زامان.

خارلىدى ئۈنچىنى دەسسەپ، چەيلىدى،
كىردى گويا باققا بىر تۈركۈم قاۋان.
نە ھايا، نە قالدى سەنئەت، نە تۈزۈم،
نە ئىرىككە كۈن، نە ئۆلۈك قالدى ئامان.

ئۇنتۇماس ئەۋلاتلىرىڭ، ھېچ ئۇنتۇماس،
كۆزلىرىڭنى چوقۇغان شۇم قاغا كىم؟
قان يۇراپ كەلگەندە ئاچكۆز بۆرىلەر،
يول بېرىپ، سېنى تالاتقان دوغا كىم؟

ئاڭلىغانسەن، ئەمدى گۈلدۈرمامىدەك،
ياڭرىدى ئەلنىڭ ئۈنى كۆپ ياڭغىراق،
ئىنتىقامنىڭ شەمشىرى قىنىدىن چىقىپ،
چالدى تارىخ «سوت ئوچۇق»① دەپ قوڭغۇراق!

1980 - يىل 4 - ئۆكتەبىر، تۇرپان

---

① لىن بياۋ ئەكسىلئىنقىلاۋىي گۇرۇھى بىلەن «4 كىشىلىك گۇرۇھ» ئۈستىدىن ئېچىلغان ئوچۇق سوت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# سەرلەۋھىسىز شېئىرلار

خام قاپاقنىڭ ئىچى لەشتۇر پارقىراپ تۇرغان بىلەن،
مېغىزى شىرىن ياڭاق تېشى قوتۇر بولغان بىلەن.
كۆكتىكى پارچە بۇلۇتتىن ئەلگە تەگمەس قىلچە نەپ،
ئىسسىتار ئەلنى كۆمۈر يەر ئاستىدا ياتقان بىلەن.
مىۋە بەرمەس ھېچقاچان ھاي - ھاي چاپان ھەشقىپىچەك،
يۆمىشىپ ھەر نەرسىگە مىڭ يۇقۇرى چىققان بىلەن.
يەر بېغىرلاپ ياتسىمۇ، قوغۇن - تاۋۇزنىڭ پىلىگى،
تولدۇرار يېزا، بازارنى نېمەتۇ - ئەلۋان بىلەن.

× ×

ئالدىراپ ھەركۈنلۈكى بىر ئېچىلۇر ھەشقىپىچەك،
كۈن چىقا - چىقمايلا تېز سولىشۇر جا نەرسىدەك.
مىرزە، سەبدە، گۈلى رەيھان يا قىزىل مودەنگە باق،
تاكى كەچكۈز كىرگىچە كەتمەس يېڭىدىن كېپىنەك.

× ×

سايە بەرمەيدۇ سۈۋادان غادىيىپ ئۈسكەنسېرى،
بەلكى ئاسان سۇنغۇسى بوران - شامال تەككەنسېرى.

سۇ بويىدا جىلۋە قىلغان لەيلى مەجنۇن تالنى كۆر،
ئاشىدۇ كۆركى ئۇنىڭ ئۆز قەددىنى پۈككەنسېرى.

× ×

گۈللا بولسا گۈل ئەمەس، گۈلدەك پۇراغى بولمىسا،
گەپلا بولسا گەپ ئەمەس، مەزمۇن تۇراقى بولمىسا.
ئىككى پۇتلاپ ماڭمىش ئېيىقمۇ بەزەن تىك بولۇپ،
ئەرلا بولسا ئەر ئەمەس، ئادەم سىياقى بولمىسا.
ئادىمىنى ئادىمى ئەتكەن ئۇنىڭ ھۆسنى ئەمەس،
ھۆسنى بىر سۈرەت ئېرۇر دىلىنىڭ چىراغى بولمىسا.
بىر مىسال: پانۇسنى كۆر، شام چىراقسىز يورۇماس،
نۇر چاچامدۇ شام چىراق، پىلىك ۋە ياغى بولمىسا!

1980 - يىل 13 - مارت، ئۈرۈمچى

www.uyghurkitap.com

## ئۆمۈر ھەققىدە مۇخەممەس

ئۆمۈر مەنزىلىدە ئىستەپ غۇپارسىز چىن ھەقىقەتنى،
قەلەندەردەك كېزىپ يۈردۈم چېكىپ مىڭبىر مۇشەققەتنى.
ۋە لېكىن يوق ئىكەن تۈز يول تېپىشتا ئۇشبۇ مەقسەتنى،
تېڭىرقىپ ئۆتتى كۆپ ئۆمرۈم چۈشەنمەي سىررى ھېكمەتنى،
ئىشت دىلبەر، بايان ئەيلەي ساڭا بۇ ھەقتە سۆھبەتنى.

تۇغۇلغاچ ئىككى مۆمىندىن، ئۆتۈپ ئەللىكتە سەككىز يىل،
يەكۈنلەش سائىتى يەتتى ئۆمۈرنى ئەمدى ئەستايىدىل.
نەزەر سالسام بېسىپ ئۆتكەن يولۇمغا بولمايىن غاپىل،
ئاقۇر كۆز ياشلىرىم گويا بولۇپ ئېرىتمىش ۋە ياكى نىل،
جاھاندا چەكمىگەي ھېچكىم مېنىڭدەك كۆپ نادامەتنى!

يا ھەققە ئەتمىدىم قۇللۇق، يا ئەلگە قىلمىدىم خىزمەت،
بېغىمغا كۈز يېتىپ كەلدى، قولۇمدىن كەتتى كۆپ پۇرسەت.
ھەمىشە ئۆرتىبان دىلنى يېلىنجاپ بىر ئەلەم ـ ھەسرەت،
ئازاپلاپ كېچەيۇ ـ كۈندۈز قىلۇر جانىمنى بىتاقەت،
راۋادۇر قانچىلىك قىلسام ئۆزۈمگە دوق ـ مالامەتنى.

ئانا يۇرتۇم بېرىپ ئاق سۈت، بېقىپ ئۆستۈردى مېنى ئاسراپ،
ئاۋايلاپ مايسىدەك ھەر تاڭ چېچىپ باشىمغا زەر ئاپتاپ.
بېرىپ تىل ھەم ئەقىل - ئىدرەك، قاتارغا قوشتى يول باشلاپ،
قاناتى ئاستىغا ئالدى ئېغىر كۈنلەردە مېنى - مىڭلاپ،
نېچۈكمۇ ياندۇرارمەن بۇ ئانالىق مېھرى - شەپقەتنى!

باھارنى كۈيلىشەر قۇشلار چېغىدا ھەر سەھەر دەمدە،
نېمىشقا بولمىسۇن بىر ھېس تىرىك پەرزەندى ئادەمدە؟
ۋاھالەنكى، ئادا بولماي ھېساپسىز قەرز بۇ زىممەمدە،
ھامان قايىنايدۇ ھەسرەتلىك پۇشايمان ئابى دىدەمدە①،
ئۆمۈرنى زايە قىلما سەن ئېلىپ مەندىن بۇ ئىبرەتنى.

خىيالىم دېڭىزى تىنماي تېشىپ مېنىڭ چايقىلىپ قايناق،
كېچەلەر ئاز يۇمۇپ كۆزنى ۋە گاھى تاڭغىچە ئويغاق.
چىقاردىم بىر يەكۈن ئاخىر ئۆمۈر مەنزىلىدىن شۇنداق،
ئۆمۈردۇر بىر كۈرەش، ھەرگىز ئەمەس ئۇ بىزگە ئاۋۇنچاق،
يولاتما ئەي كۆڭۈل ئەمدى ئۆزۈڭگە زەررە غەپلەتنى.

پىكىر دەرياسىغا قانچە تىرەن چۆمگەنسېرى ھەر تۈن،
كۆڭۈلنىڭ كىرلىرى شۇنچە يۇيۇلدى، تارقىدى ئەپسۇن.
ھاياتىم گەرچە پۇشايمانلىق، دىلىمدۇر ناتاۋان، مەھزۇن،
ۋە لېكىن جان كىناۋىغا قوشۇلدى بۇز تۈمەن مەزمۇن،
شۈكۈر كىم، قوغلىدى مەڭگۈ يورۇق تاڭ قارا زۇلمەتنى.

① ئابى دىدە — كۆز يېشى.

تەپەككۇر كۆزىلە باقساڭ ئەگەر ئالەمگە بىر كەررە،
ئەمەستۇر خالى ھېكمەتتىن ۋە ھەتتاكى ھەسەل ھەرە.
چۈمۈلە چېغىدا تىنماي تاپۇر ئۆز ئەجرىدىن مەررە،
كىشىكىم بىلسە بۇ بەلكى خەزىنە سىرىدىن زەررە،
پىكىر قىل ھەم چۈشەن، ئۆگەن بۇ جانلىق سىررى ھېكمەتنى.

بىلىپ يەتكەنسېرى ئىنسان ھاياتنىڭ سىرىنى كۆپرەك،
كۆڭۈل روشەنلىشىپ ئاندىن چۈشەنگەي ئۆزىنى خوپراق.
مىسال قارغۇ نىچۈك بىلسۇن قۇياش قانداغۇ ئاي قانداق،
بىلۇر، ئەما گۆدەك ھەتتا نىچۈكتۇر گۈل، نىچۈك ياپراق،
دىمەككى، مەرىپەتتىن جان تاپۇر ئەقلۇ - پاراسەتنى.

ئۆلۈمنى ئويلىسا ھەركىم، بىلۇر ئۆز زاتىنى ئاندىن،
تۇغۇلماق، سۈكرە ئۆلمەكلىك ئاياندۇر ھەممىگە ئايدىن.
لېكىن نەدە، قاچان، قانداق ئۆلۈشنى كىم بىلۇر ئالدىن،
يېشىلمەس بىر تۈگۈن بولدى بۇ ماۋزۇ دەۋرى - دەۋراندىن،
غەنىمەت بىل ئادەمزاتقا بىرەر تۆھپە ۋە خىزمەتنى.

جاھان باقى ئەمەس، لوقمان چېغىدا تاپمىدى دەرمان،
مىسالدۇر روھى ئىسكەندەر ۋە ھەتتا ئەركە چىڭگىزخان.
كېلىپ - كەتمەك بىلەن مەشغۇل جاھانغا نىھىساپ كارۋان،
ئۆتەر دۇنيا، كېچەر دۇنيا، پەقەت خەلقلا سۈرەر دەۋران،
ئۆمۈر مەنزىلىدىن تاپتىم ناھايەت شۇ ھەقىقەتنى.

تۇغۇلغان ھەر بوۋاق يىغلاپ چۈشەرمىش يەرگە ئادەتتە،
ئەجەل كەلسە يەنە يىغلاپ كېتەرمىش كىشى ھەسرەتتە.
ۋە لېكىن يىغلىماي كەتكەن كىشىلەر ھەم بار، ئەلۋەتتە،
كى شەرمەندە قىلىپ ھەردەم ئۆلۈمنى جەڭگىۋار سەپتە،
نە يەڭلىغ بەخت ئىدى بىزگە، ئەگەر تاپساق شۇ پۇرسەتنى!

يېتىپ كۈز، سوغ شامال تەككەچ، غازاڭ بولغان كەبى ياپراق،
ئۆمۈر مەنزىلىدە ئاخىر بولۇرمىز بىر دۆۋە تۇپراق.
بۇ تۇپراقتا ئۈنەر بەزەن تىكەن ياكى خۇنۇك قامقاق،
ئېچىلغاي بەزىسىدە گۈل، چېچىپ خۇش ئەترىنى ھەرياق،
دىمەك، ھەركىم بىرۇر شەخسەن ئۆمۈرگە ئۆزى قىممەتنى.

كىشى قىممەتنى بىلمەيدۇ سوراپ ھەتتا سۇ ھەيلىدىن①،
تاپۇر ئىززەت ۋە يا كۈلپەت كۆڭۈلنىڭ زەۋقى مەيلىدىن.
نىمە تەرسە شۇنى ئالماق بولۇر ئۆز خۇيى - پەيلىدىن،
نە بولدى ھالى فىرئۇننىڭ تەكەببۇرلۇق تۇپەيلىدىن،
ئۇرۇقنى تاللىماي چاچساڭ، تىكەن باسقاي زىرائەتنى.

ئۆمۈر گويا ئېرۇر بىر شام، تۈگەر ئەلۋەتتە كۆيگەنچە،
ئاشار قەدرى لېكىن شۇنچە ئېرىپ جىسمى تۈگىگەنچە.
كۆرۈڭكى، ئاشىقى پەرۋان كۆيۈپ ئىشقىدا مىڭ - مىڭچە،
تەسەددۇق ئەيلىدى جانىنى كېچە شام نۇرىغا شۇنچە،
ئۆمۈر مەنزىلىدە كاشكى، كىشى تاپسا شۇ قىممەتنى.

① سۇھەيلى — رىۋايەت قىلىنىشىچە، قەدىمقى يۇنان دانىشمەنلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ باش مەسلىھەتچىسى ئىكەن.

www.uyghurkitap.com

بايان قىلغانلىرىم گەرچە دېڭىزدىن تامچىدۇر، ئەمما،
ئامايەندۇركى، قۇياش ئەكسى تامچە سۇدىمۇ ھەتتا.
مۇخەممەس ئەلگە يەتكۈزسە ئۆمۈر چىنلىقىدىن مەنا،
مۇكاپات شۇ ئىدى مەنچۇن، ئەمەسمەن ئۆزگىگە تەشنا،
كۆچەتنى تىككۈچى مەيلى كۆرەلمەي ئۆتسە راھەتنى.

1981 - يىل ئاپرېل، ئۈرۈمچى

# بوغدا ئانام

(مۇخەممەس)

ئاق لىچەك باشىڭدا قۇددۇس غەمگۇزار بوغدا ئانام،
ئۇلتۇرۇپسەن كۆك گىلەمدە بەر قارار بوغدا ئانام.
ھەر قاچان كۆرسەم سىنى، ئەي گۈلئۇزار بوغدا ئانام،
جۇش ئۇرۇپ قەلبىمدە چىن بىر ئىپتىخار، بوغدا ئانام،
خۇشلۇغۇمدىن كۆز يېشىم دۇردەك ① ئاقار، بوغدا ئانام.

ھەر سابا باقسام سېنىڭ چېھرىڭدە ئىقبال جىلۋىسى،
جىلۋە بىرلە قامىتار كۆزلەرنى قارىغاي جىلغىسى
جىلغىلاردا گۈل - چىمەن ياشنار يەنە تاغ لەيلىسى،
قاينىدى شامۇ - سەھەر سەندە ھايات تەنتەنىسى،
چۈنكى تاج كىيدىڭ قۇياشتىن، بەختىيار بوغدا ئانام

شۆھرىتىڭ ئالەمچە بار، لېكىن قاراڭغۇ ئۆتمۇشۇڭ،
نەچچە ئۇن قىسسە - رىۋايەت بولدى ھەر بىر كەچمىشىڭ.
دەردى مېھنەت، غەم ۋە ھەسرەتتە ئاقارمىشتۇر بېشىڭ،
قانچە مىڭ يىللاپ كۆزۈڭدىن بىز ئۈچۈن تۆككەن يېشىڭ،
شۇ ساماۋى كۆلدە تىنماي چايقىلار، بوغدا ئانام.

---

① دۇر — ئۈنچە - مەرۋايىت.

چايقىلىپ تۇرغان بۇ كۆل كۆز ياشلىرىڭ دۇردانىسى،
بەلكى نەپرەت ھەم مۇھەببەت نەزمىسى، پەيمانىسى.
ياكى ئۇ قەدىمقى شەرق تەقدىرىنىڭ ئابىدىسى،
ئەمدى مۇندا ئاڭلىنۇر كۈلگەن بەخت شادىيانىسى،
چۈنكى سەندە باشلىنىپ كەتتى باھار، بوغدا ئانام.

مەڭگۈ كۈلسۇن نۇر قۇياش باشىڭدا، سەن بولغىن ئامان،
باسمىغاي ئۈستۈڭنى ھەرگىز ئەمدى زۇلمەتلىك تۇمان.
سۈزۈلۈپ تۇرغاي ساماۋى كۆل كەبى كۆك ئاسمان،
سەن ھايات - بىزمۇ ھايات، ئەۋلاتلىرىڭ ئويغاق ھامان،
ئاق لىچەككە قونمىغاي دەپ بىر غۇبار، بوغدا ئانام.

1981 - يىل 29 - ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى

## خاسىيەتلىك ئۇچرىشىش

(ئاپتونوم رايونلۇق تۇنجى قېتىملىق ئاز سانلىق مىللەتلەر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى مۇناسىۋىتى بىلەن)

چۈشمۇ بۇ، ئوڭۇممۇ بۇ، ياكى لېرىز خىيالمۇ بۇ،
ياكى بەخت ـ ئىقبالغا تۇش كەلگەن ئاجايىپ پالمۇ بۇ.

باق، گۈزەل بىر قەسىر ئىچرە چاقنىغاندا نۇر چىراق،
باشلىۋەتتۇق بەزمىنى بىز، ناخشىمىز بەك ياڭغىراق.

چىقتى تۆرنىڭ بېشىغا ئاۋال ئوغۇز ساھىپقىران،
قانچە ئەللەر، قانچە خەلقلەرگە ئات قويغان بۇ خان.

ئولتۇرار بىر كۈرسىدا ئالپ ئەر توڭا ئاپراسىياپ،
قولىدا ئالتۇن قەدەھ، قەشقەر شارابى پارقىراپ.

ئەنە بىر كۈرسى ئۈزرە ئولتۇرار باتۇر ماناس،
ئاق كىگىز قالپاق بېشىدا، ياغدى ئالغىش گۈلدۈراس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئالپامىش قىلدى كىرىپ مەردانىلەرچە بىر سالام،
تولدۇرۇپ توققۇز قېتىم تۇتتى قىمىز ساقى تامام.

چاپتۇرۇپ بوز ئارغىماقنى كەلدى جاڭغىرمۇ، شۇئان،
ھەم گېپىنىر ۋاكىمۇ كېلىپ سەپكە قوشۇلدى شادىمان.

ئەسسالام ئېيتىپ ئۇلۇغ ھاجىپ يۈسۈپ كىرگەن زامان،
جانلىنىپ كەتتى سورۇن مىڭلاپ چىچەك كۆلگەنسىمان.

چاقىندى دانىش - ئىلىم، پەزلى، ھۈنەر دۇردانىسى،
دېدى ھەممە مىڭ ياشا سەن دەۋرىمىز يىگانىسى.

مانا مەھمۇت قەشقىرى، ئۇ ئىلمىي - ئىرپان دېڭىزى،
كىردى قامۇس بىرلە ئۇ گويا كۆلۈپ ئاسمان يۈزى.

مانا لۇتـفى ھەم ناۋايى، خىرقىتى، گۇمنام، مۇقىم،
مانا فۇرقەت ھەم زەلىلى ھەم نىزار ئابدۇلرېھىم.

مەرپەت ئاسمانىدىن دۇردانىلەر تېرىپ ئاباي،
كىردى چىرتىپ دومبۇرا، ئېيتىپ ئۆلەڭلەر بىر تالاي.

«ئەي تۇغان تىل، ئەي ماتۇر تىل، ئەتكەي - ئەنكەمنىڭ تىلى،
دۇنيادا كۆپ نەرسە بىلدىم سېنى تۇغان تىل ئارقىلى.» —
دەپ كىرىپ كەلدى سورۇنغا جىرلا - جىرلا ياش توقاي
بۇ شېئىر ئاسمانىدا تۇققان كەبى بىر يېڭى ئاي.

ئەۋجىگە چىقتى مۇشائىر، تەڭكىشى تەمبۇر، دۇتار،
داپ بىلەن سۇنەي، قوبۇز، جىرغا قوشۇلدى چاڭ، گىتار.

تولدۇرۇپ مەي جامىغا دۇفۇ بىلەن لى بەي شۇدەم،
«خۇش مۇبارەك» دەپ قىلىشتى بەزمىگە تەشرىپ قەدەم.

ياڭرىدى ئالقىش ساداسى، كۆكتە كۈلدى زەر قۇياش.
بەختۇ ـ ئىقبال دائىما بولغاي خەلققە چىن قاياش.

شۇ قاياشلىق بىرلە كۈلسۇن يەنە سەنئەت گۈللىرى،
سايرىسۇن گۈلشەن ئارا ھەممە خەلق بۇلبۇللىرى!

1983 - يىل 24 - فېۋرال، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com

## ئەيىنەك

نىمە دىگەن قالتىس نىمە ئەينەك دىگەن،
كىم ياساپ چىققان بولغاي دەسلەپ ئۇنى.
سۇندۇرۇپ تاشلانسىمۇ، ھەر پارچىسى —
كۆرسىتەر ھەر نەرسىنىڭ دەل ئەينىنى.

سەتنى ئۇ پەدەز بىلەن قىلماس گۈزەل،
بىر گۈزەلنى سەت قىلىپ قويمايدۇ ھەم.
ھەر كىشى بولالىسا ئەينەك كەبى،
دىگىلۈك شۇنداق كىشىنى چىن ئادەم.

نىمە دىگەن خالىس نىمە ئەينەك دىگەن،
مەڭگۈلۈك دوستلۇققا، شەكسىز، ئەرزىگەي.
ئۇتمىسا ھەركىم بىلىپ ئەينەكنى دوست،
بولسىمۇ مىڭ دوستى، دوستۇم كەم دىگەي.

1983 - يىل 3 - ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

## تۇۋا دەيمەن، تۇۋا

تۇۋا دەيمەن، تۇۋا ...
ھەددىدىن ئېشىپ،
بۇلدۇقلاپ تېشىپ،
قازاننى قويۇپ ئېغىزدا
قايناپدىغان بوپتۇ شورۋا!

«سەھەت تىلىسەڭ ئاز يە،
ئىززەت تىلىسەڭ ئاز دە» —
دەيتتى ئاتا - بوۋىمىز،
لېكىن، بىزنىڭ بەزىمىز
پۇتتا ئەمەس، ئېغىزدا،
قۇرۇق مېڭىپ ئېگىزدا،
شەر ئالىدىغان بولدۇق،
تۇۋا دەيمەن، تۇۋا ...

كۆز ئىككى، قۇلاق ئىككى،
قول ئىككى، ئاياق ئىككى،
ئېغىز، بۇرۇن بىر پەقەت،
شۇنىڭ ئۆزى بىر ھېكمەت ...

شۇنداق تۇرۇقلۇق ئەدى،
ئېغىزغا يۆكلەپ يۆكنى،
ئوڭ - تەتۈر كىيىپ بۆكنى،
گەپ - سۆزدىن «سۇخەن» توقۇپ،
سۈەت - سۈەتتە ساتماقنىڭ
نىمە لازىمى تووۋا!

ھەي چۇكا، ھەي سەن چۇكا،
(تووۋا دەيمەن، تووۋا!)
ئاش يەيدىغان ئەسۋاپنى
نىمە قىلىۋالدۇق ئەمدى؟
بۇنى ئېيتىشقا دوستلار،
تىلىم بارمايدۇ زادى.
ئاتىدىن قالغان ئۇدۇمىمۇ،
ياكى مىراس تۇلۇمىمۇ،
يا پەيلىمىزگە لايىق
بىر لەنىتى كۆرۈمىمۇ؟
نىمە بولسا بولسۇن،
تووۋا دەيمەن، تووۋا!

مۇندىن ئون نەچچە يىل بۇرۇن،
ھىلىقى ساراڭ قويۇن —
ئېچىۋەتكەن ئوخشايدۇ،
بەزى كونا گۆرلەرنى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تامدىن تارىشا چۈشكەندەك،
ئەرۋا تىرىلىپ چىققاندەك،
بازارغا كىرىپ قاپتۇ
لەنەت تەككۈر «لىق» ۋە «لىك»،
«سەن سەھرالىق، مەن شەھەرلىك
ئاۋۇ ئاداش قەيەرلىك؟» —
دەيدىغان ئۆتمەس ماتا،
(بەزىلەر زورلاپ ساتا،)
تووۋا دەيمەن، تووۋا!
بۇ گەپلەر تېخى ئازدەك،
ئۇچىغا چىققان مازدەك،
سۇرۇشتۇرۇپ ئۇستىخان،
«مەن پالانى، سەن پالان،
مىنىڭ ئەسلىم ئىسلزات،
ئىسسلىقتا تاپقان ئات.
پالانچى ئۆزى كىمكەن،
ئۇ مىنىڭ تېگىمىمىكەن؟»
دەيدىغان لاۋزىلىقلار
ئەدەپ قاپتۇ خىلىلا،
تووۋا دەيمەن، تووۋا!

www.uyghurkitap.com

يەنە قاراپ نەسەپكە،
مەرتىۋە ھەم مەنسەپكە،
تۆرمۇ تالىشىدىغان بولدۇق
سوزەڭگۈر خىنىملاردەك،
ئۇلتۇرۇشىمىزمۇ قالتىس،
غادايغاق بىگىملەردەك.
قايسى بىرسىنى ئېيتاي،
تۇۋا دەيمەن، تۇۋا!

1983 - يىل 10 - ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

# بالام بولسا، شۇنداق بولسا

(بىر ئانىنىڭ ئاغزىدىن)

بالام بولسا، شۇنداق بولسا،
ئاق سۈتۈمدەك ھالال بولسا.
ھالال بەرگەن ئاق سۈتۈمگە
ھەر بىر ئىشى مىسال بولسا.

بالام بولسا شۇنداق بولسا،
تىنىمسىز تۇرغان دەريا بولسا.
گۈللەندۈرۈپ باياۋاننى،
ئۆزى بۇلبۇلگويا بولسا.

بالام بولسا، شۇنداق بولسا،
بىلىمى مول كۆلدەك بولسا.
ئەل كۆڭلىنى ئاۋلايدىغان
خوشپۇراقلىق گۈلدەك بولسا.

بالام بولسا، شۇنداق بولسا،
قەلبى قىزىل چوغدەك بولسا.

ئەل سەپەرگە ئاتلانغانـدا،
ئالدا ماڭار تۇغدەك بولسا.

بالام بولسا، شۇنداق بولسا،
ئىچى - تېشى ئېرىق بولسا.
ئېرىقلىقتا سۈزۈك سۇدەك،
كىرنى قويماي ئېرىغدىسا؛

چىداملىقتا پىلدەك بولۇپ،
جىمى يۈكنى يـۈدەلىسە.
ئەل بەختىچۈن كېرەك چاغدا
زەھەرنـىمـۇ يۇتالـىسا.

بالام بولسا، شۇنداق بولسا،
سۇنى كۆرسە بېلىق بولسا؛
شۇڭغۇپ دەريا - دېڭىـزلارغا
ئۈنچە - مارجان تېرەلىسە؛

ئوتنى كۆرسە سەمەندەردەك
يالقۇن ئىچرە كىرەلىسە،
تاشنى كۆرسە ئالماس بولۇپ،
تاغ باغرىنى تېشەلىسە؛

دوستنى كۆرسە گۈلدەك يايراپ،
مەن ئىمزگەن سۈتتەك بولسا؛
ياۋنى كۆرسە دەھشەت سېلىپ،
يالقۇن چاچار ئوتتەك بولسا.

1983 - يىل نويابىر، ئۈرۈمچى

## يىراقتىن خەت

يېقىندا پوچتىچى ئېلىپ كەلدى بىر خەت،
يېزىلغان بەك يىراق بىر مەملىكەتتىن.
ئوقۇپ كۆرسەم تونۇش بىر كىمسە يازغان،
بايانىدۇر كۆز يېشى، ھەسرەت ۋە دەرتتىن.

1

«... شۇ يەردە توختىتاي ئەمدى سالامىم،
ئىشت دوستۇم، ساڭا ئېيتاي كالامىم.
بەخت ئىزلەپ يىراقلاردا ساراڭدەك،
كېزىپ يۈردۈم شامال سوققان غازاڭدەك.
ماڭا نەدىكى قۇت (بەختۇ ئامەت)،
جىگەر پارە، چېكىپ دائىم مالامەت.
تالاي يىللار ئۆتۈپ كەتتى بېشىمدىن،
ئېتەكلەر قۇرۇماي ئىسسىق يېشىمدىن.
جاھاندا قالمىدى مەن تارتمىغان دەرت،
ھەمىشە ھەمرىيىمدۇر دەردۇ ـ ھەسرەت.

گاھی مەن پۇلمۇ تاپتىم، پۇلمۇ تاپتىم
ۋە ھەتتا يۈز تېپىپ «جاناپ» ئاتالدىم.

## 2

نېرى كەتمەس كۆزۈمدىن بالا چاغدا،
پاكا سوقما تاملىق گۈلۋاغدا —
ئېچىلغان خۇشپۇراق غۇنچە - چېچەكلەر،
چېچەكلىكتە ئۇچقان گۈل كېپىنەكلەر.
ئېسىمدە بىللە ئۆسكەن ئاشۇ مەلە،
پادا باققاچ يېشىل چىملىقتا بىللە.
يالاڭغاچ چۆمۈلۈپ ئۆستەڭدە ئويناپ،
يېتىپ قۇملۇقتا تەننى كۈنگە قاقلاپ،
بۇلاق سۇلىرىغا نان چىلاپ بىز
قاقاقلاپ، تالىشىپ يېگەن چېغىمىز...

ئېسىمدە چۇقۇراپ بىز «ۋەللەي» ئويناپ،
كېيىكتەك سەكرىشىپ، ئۆلەڭنى بويلاپ،
يۈگەنسىز تاي كەبى ئۆتكەن گۆدەكلىك،
غەمۇ - ئەندىشىسىز ئۆتكەن گۆدەكلىك.

كۆزۈمدىن نېرى كەتمەس شۇ زامانلار،
ئىتىز - قىرلاردىكى چەللە باراڭلار؛

ۋە لېكىن ئىمىدۇر بىر ئىمەم كەم،
تېشىم كۆلگەن بىلەن كۆڭلۈم چېكەر غەم.
يېپىلسا نازۇ - نېمەت داستىخانىم،
ئىچۈكتۇر سىقىمرار جان، ئۈستىخانىم.
يېتەر يادىمغا شۇئان قوۋم - قېرىنداش،
كۆزۈمگە لىق تولۇپ تەكرار ئىسسىق ياش.
كېلەر ئەسكە ئۆتمۈش بىر رىۋايەت:
سۇلايمان ئىچمىگەن سۇدىن ھىكايەت①

يېشىل قارىغاي ئىگىز تاغلار، ئېدىرلار،
چىمەنگە پۈركىنىپ ياتقان شۇ قىرلار؛
چۇرۇقلاپ تولغىنىپ ئاققان ئېرىقلار،
ئىغاڭلاپ ئېتىزدا بۇغداي تېرىقلار؛
بۇغا بىرلەن مارال جۈپ - جۈپى بىرلە،
غاز، ئۆدەك ۋە كەكلىك ئۆز توپى بىرلە —

① نەسىردىن رابغۇزىنىڭ «قىسسەسۇل - ئەنبىيا» (پەيغەمبەرلەر قىسسىسى) ناملىق كىتاۋىدا رىۋايەت قىلىنىشىچە، سۇلايمان پەيغەمبەرگە بىر قەدەھ ئابىھايات (مەڭگۈ تىرىكلىك سۈيى) نېسىپ بولغان ۋە ئۇنى سۇلايماننىڭ ئۆزىلا ئىچىشى شەرت ئىمىش. سۇلايمان «بۇ سۇنى ئىچەيمۇ - يوقمۇ» دەپ ھەممە ۋەزىر - ۋۇزرالىرىدىن. ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرگەن خوتۇنى بىلقىستىن، ھەتتا پۈتۈن ئادەم ۋە ھايۋاناتلار ۋەكىللىرىدىن سوراپتىمىش. ئۇلارنىڭ ھەممىسى «ئىچسىلە» دەپ جاۋاپ بېرىپتۇمىش. پەقەت بىشۇمار دىگەن بىر جانىۋار «قوۋم - قېرىنداش ۋە ئەل - يۇرتسىز مەڭگۈلۈك تىرىكلىكنىڭ نىمە لەززىتى، مېنىڭچە ئىچمىسىلە» دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇمىش. بۇ يەردە شۇ ھىكايەت كۆزدە تۇتۇلغان — ئا.

تاماشا ئەيلىگەن شۇ دالا ـ تۈزلەر،
شۇ تۈزلەڭدە سوزۇلغان كەڭرى بوزلار؛
يېيىلغان مال تولا يايلاق ۋە ئوتلاق،
قوش ئەمچەكلەر ئېمىپ قوزا ۋە تايچاق؛
ئىدى ھۆسنى بىلەن زەپمۇ دىلارام،
نەسىپ بولغايمۇ ئاندا ماڭا ئارام؟

چېلىنغاندەك بوۋاي قەمبەر دۇتارى،
قوشۇلغاندەك يانا قەشقەر ساتارى.
سەھەر بۇلبۇل ناۋاسى ئەۋجى ئالغاچ،
ۋىچىرلاپ قالغاچ ۋە قارا قۇشقاچ.
قاناتلان سەنمۇ ئۈچ دەيتتى پىچىرلاپ،
قالاتتىم زوقلىنىپ، جېنىم تىپىرلاپ.
سېغىندىم ئاشۇلارنى، بەك سېغىندىم،
كېسەللىكتەك بىلىنمەكتە سېغىنچىم.
نەسىۋەم بارمىدۇ كۆرمەككە قايتا
ئۆمۈرنىڭ ئاخىرىدا بولسىمۇ تا.

## 3

مېنى سورىساڭ پىراقتا سارغىيىپمەن،
كۈنۈم ياخشى، لېكىن مۇندا غېرىپمەن.
نە جان دوست ـ سىرداشىم، نە ھەمرايىم بار،

ئىچىم پۇشقاندا نه مۇڭداشقىلى يار.
قەيەردە، تويى - تۆكۈن، مەشرەپ ناۋاسى،
ھېيت - ئايەم كۈنلىرى ناغرا ساداسى!
قەيەردە، باشقا چۈشسە بىر پالاكەت،
كۆڭۈل ئېيتىدىغان يارۇ - جامائەت!
مانا پەرزەنتلىرىمۇ بويىغا يەتتى
ۋە ھەتتا بەزىسىنىڭ ۋاقتى ئۆتتى.
قېنى لايىق كېلىن ياكى كۈيوغلۇم؟
ئېچىلمايدۇ شۇڭا غەم خانە كۆڭلۈم.
قەيەردە، ئانا تىل مەكتىۋى، دەرسى،
ۋەتەنىنىڭ ئەنئەنە پارلاق مىراسى؟
ئۆزەم باشقا، بالام باشقا بىر ئىقلىم،
تىلى ھەم باشقىچە، ھەيرەتتە ئەقلىم!
ئۈنىڭ ئۈستىگە بىر كۈن يەتسە سائەت،
ئۆمۈرنىڭ كوزىسى سۇنغۇسى ئەلۋەت.
قالارمۇ سۆڭەكىم شۇ ياقا يۇرتتا،
قوشۇلماستىن ۋەتەنىنىڭ تۇپرىغا.
شۇ غەملەر ئىچرە جان دائىم بىئارام
ئۆتەر ھەسرەت ئىچرە، ئەي دىلارام.

4

شۇڭا يازدىم ساڭا خەت، كۆزدە ياشىم،
مۇرۇۋۋەت قىل ماڭا دوستۇم، فاياشىم.

ئەۋەتكىن ماڭا ئازراق توپا - تۇپراق،
يانا بىر تال غازاڭ ۋە ياكى ياپراق.
قىلاي مەن تۇتىيا ھازىر كۆزۈمگە،
تەسەللى بولغۇسى شۇ ئۆز ئۆزۈمگە.
ئەگەر ئۆلسەم لەھەتكە سىللە قويسۇن،
ۋەتەن تۇپراغىغا تېنىم قوشۇلسۇن.
ئۈمىتسىزلىك، لېكىن ئۇ — پەيلى شەيتان،
ئەجەپمەس ماڭا ھەم تېپىلسا ئىمكان.
ئىشىتسەم ھەر تەرەپتىن غايىۋانە،
تولا ياخشى بولۇپ كەپتۇ زامانە.
ھەرەمنى ئالتە رەت قىلدىم زىيارەت،
ئەگەر يەتتىنچىسىگە بولسا پۇرسەت،
قىلۇرمەن ئۆز ۋەتەننى سەجدىگايىم،
سۈرۈپ تۇپراغىنى كۆزۈمگە دائىم...

1983 - يىل نويابىر، ئۈرۈمچى

# ئەسسالام، ئەي قەشقەرىم

(بەدىھە)

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، دىلرەبا بوستان دىيار،
ئەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان؛ تىللاردا كۆپ داستان دىيار،
تا قېرىدىم رۇم ئەھلىنى رەشىك ئوتىدا كۆيدۈرۈپ،
شەرق ئېلىنىڭ ئىپتىخارى، شۆھرىتى بولغان دىيار،
سۆيگىلى كەلدىم سېنىڭ ئالتۇن بوسۇغاڭنى بۈگۈن،
ئاچ ماڭا قوينۇڭنى ئەي قەلبىمگە ئوت سالغان دىيار!

ۋەسلىڭگە مۇشتاق كۆڭۈل ھەم كۆزلىرىم تاپقاي ئارام،
بىر كۆرۈپ ھۆسنۈڭنى ئەي دەردىمە دەرمان دىيار،
ئاق سۇتۇڭدەك ئاپپاق ئايدىڭ كېچە يا ئاخشاملىرى،
بىر كېزەي تۇمەن بويىنى، جانغا جان قوشقان دىيار،
كۆكتە يۇلتۇز، سۇدا قۇندۇز جىلۋىلەر قىلغان چېغى،
ئاڭلايمىن نەيدىن خوشال، ئازات سادالار جان دىيار،
ئاڭلايمىن مەن يېڭى كۈي، يېڭى مۇقاملار ئەۋجىنى،
تاڭ باھار مەۋسۇمىدە ئەي گۈل چېچەك ئاتقان دىيار،
كۈيلىمەس بەلكى راۋابىڭ ئەمدى ھەسرەت — قايغۇنى،
چۈن ياراتتىڭ ئۆز قولۇڭدا يېڭى بىر دەۋران دىيار،

بىر زامان تەڭ يىغلىدۇق زۇلمەت كېچەگىدە ئىككىمىز،
ئەمدى تاڭ سۇبھىلىك بىلەن كەلسەم نىمە ئارمان دىيار.
ئەسسالام ۋە ئەسسالام، جانىجانىم قەشقىرىدىم،
بەر يېڭە ئىلھام، يازاي شەنىگگە بىر داستان دىيار!

1984 - يىل 15 - ئاۋغۇست، قەشقەر

## قەشقەر گۈزىلىگە

بىر قاراپ سېھرىڭ بىلەن سەن يۇمۇۋالدىڭمۇ مېنى،
ئۆرۈم ـ ئۆرۈم چاچلىرىڭغا ئۆرىۋالدىڭمۇ مېنى.

ھۆر ئىدىم چۆلدە كېيىكتەك، كۆزلىرىڭ كۆرمەستە مەن،
كىرپىكىڭنى ئوق قىلىپ سەن ئىلىۋالدىڭمۇ مېنى.

ھېچ كېتەلمەيمەن قېشىڭدىن يۆگىلىپ قالغان كەبى،
پۇتلىرىمدىن يۆگىمەچتەك يۆگىۋالدىڭمۇ مېنى.

با ۋۇجۇت بولدى ئەسىر، ئەقلۇ ـ خىيالىم بەندۇ ـ بەنت،
شۇ قارا خالىڭ ئىچىگە يۇغىرىۋالدىڭمۇ مېنى.

مۇكچىيىپ قالدى بېلىم، پۇت ـ قوللىرىمۇ ئەۋرىشىم،
تالى مەجنۇندەك ئۆزەڭگە ئېگىۋالدىڭمۇ مېنى.

كەچ شەپەق كۆلگەن چېغى ناخشاڭ بىلەن بىللە قوشۇپ،
تارلىرىڭنىڭ رىشتىسىگە ئىگىرىۋالدىڭمۇ مېنى.

يا ھەرەم، يا ھورۇپەيكەردىن تامايىم قالمىدى،
تىل تۇمارىنى قاتلىرىغا تۇگۈۋالدىڭمۇ مېنى.

مۇپتىلالىق بولدى قىسمەت ماڭا ئەمدى بىر ئۆمۈر،
ئەي نىگار، تەقدىر قازادىن سورىۋالدىڭمۇ مېنى.

1984 - يىل 16 - ئاۋغۇست، قەشقەر

# قەشقەر قىزى

ئاي جامالىڭنى كۆرۈپ، ئاينىڭ قىزىكەنغۇ دېدىم،
نۇر چېچىپ تۇرسا يۈزۈڭ، كۈننىڭ ئۆزىكەنغۇ دېدىم.

مىڭ جېنىم بولسۇن تەساددۇق بىر قاراشىڭغا سېنىڭ،
كۆزلىرىڭنى تاڭ سەھەرنىڭ يۇلتۇزىكەنغۇ دېدىم.

يەلپۈنۈپ تۇرسا چېچىڭ گۈلشەن ئارا كەزگەندە سەن،
قايناغان ئالتۇن بۇلاقنىڭ قوندۇزىكەنغۇ دېدىم.

سۆزلىرىڭ ئاندىن لېزىز ئەنجۈر مىسالى شىرنىلىك،
نامۇسۇ - ئىپپەت بىلەن ۋىجدان سۆزىكەنغۇ دېدىم.

ھەر سەھەر باسقان ئىزىڭدا گۈلسە يۇمران مايسىلار،
پاھ، بۇ قىزنىڭ ئىزلىرى بەركەت ئىزىكەنغۇ دېدىم.

ئاخشىمى تالدەك ئېگىلسەڭ كىتىۋىڭنىڭ ئۈستىگە،
دەۋرىمىز قىزلىرىنىڭ بەكمۇ ئۆزىكەنغۇ دېدىم.

ھەر ئىشتىكەندە سېنىڭ تارىڭ بىلەن ناخشاڭنى مەن،
سورىماي تاپتىم ئېتىڭ قەشقەر قىزىكەنغۇ دېدىم.

1984 - يىل 28 - ئاۋغۇست، قەشقەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مەن ئاق بايراق ئەمەس

## 1

كۈمۈش كەبى يالتىراق،
مەرۋايىتتەك پاقىراق.
بىر چوقا بار ئاسمانغا مەغرۇر بېشى تاقاشقان،
ئۇنىڭ ئېتى خانتەڭرى، تيانشانغا جايلاشقان.

مەشرىقتىن چىقسا ئاپتاپ،
ھەممىدىن ئاۋال باشلاپ.
شۇ چوققىنى سۆيىدۇ مەڭزىگە يېقىپ مەڭزىن،
ئۆتۈپ ئۇنىڭ قېشىدىن، غەرپكە ماڭار ئاندىن.

كېچە بولسا تولۇن ئاي،
ئۆتمەيدۇ ئۇندا قونماي.
يەتتە يۇلتۇز ھەم ھۈكەر، زۇھەل① بىلەن مۇشتىرى②
ئۇنى يوقلاپ ئۆتىدۇ تازىم قىلىپ ھەر بىرى.

---

① زۇھەل — ساتۇرن يۇلتۇزى.
② مۇشتىرى — يۇپىتىر يۇلتۇزى.

ئېرىمەيدۇ قىش - يېزى،
ئاق شايىدەك قار - مۇزى.
كۆكرىگىگە تاقاقلىق تەبىئەتنىڭ ئەكسى —
تاشنى يېرىپ چىققان ئۇ مۆجىزە تاغ لەيلىسى.

شۇڭلاشقىمۇ بۇ چوقا،
بەزى بولۇپ ھۆرلىقا.
كۆرۈنىدۇ كۆزلەرگە ئاق ئېچىلغان گۈل كەبى،
ياكى باھار كۈنلىرى ئاققۇ قونغان كۆل كەبى.

## 2

بۇنى بىلمەي بىر جاناپ
خان تەڭرىگە بىر قاراپ،
دەپ تاشلىدى: «بۇ چوقا يىراقتىن قارىماققا —
ئوخشايدىكەن ئەل بولغان قوشۇن تۇتقان بايراققا».

## 3

خانتەڭرى بۇنى ئاڭلاپ،
كۈلۈۋەتتى قاقاقلاپ.
دىدى: نەدە چوك بولغان بېشى قاپاق جاناپسىز،
قۇلاق سېلىڭ قالمىغاي بۇ گېپىڭىز جاۋاپسىز.

www.uyghurkitap.com

دەرۋەقە، ئاق مەن ئۆزۈم،
ساقال چېچىم ھەم يۈزۈم.
لېكىن ھەرگىز ئەمەسمەن سىز ئېيتقاندەك ئاق بايراق،
تەبىئىتىم ـ مىجەزىم ئاق بايراقتىن بەك يىراق.

ئادەم ئاتا ھەم ھاۋا
جەننەتتىن چىققان چاغدا،
تۇنجى تۇغۇلغان ئوغلى مەن ئىدىم بۇ زېمىندە،
بوز ئېچىپ، ئۇرۇق چاچقان يېشىل ۋادى تېرىمدە.

نوھنىڭ كېمىسى توپاندا،
يول تاپالماي ئازغاندا،
ئاغزىمغا زەيتۇن چىشلەپ بارغان كەپتەر مەن ئىدىم،
ھاياتلىقنىڭ نىشانى — ئاشۇ خەۋەر مەن ئىدىم.

قوش مۆڭگۈزلۈك ئىسكەندەر
باشلاپ كەلگەندە خەتەر،
تۈننىڭ ئۆتەر يولىنى توساپ قويغان مەن ئىدىم،
شەرقلىقنىڭ كۆچىنى تونۇتۇپ قويغان مەن ئىدىم.

يىپەك يۈكلىگەن كارۋان
قوڭغۇراق جاراڭلاتقان
ئاشۇ قەدىم يوللاردا ھەم قۇرۇقچى ـ پاسىبان،
ئاش ـ تۈز بېرىپ كارۋانغا ھەم بولغانتىم ساھىپخان.

ئەي جانابى مۇھتەرەم،
بىلىپ قويۇڭ شۇنى ھەم.
تارىخ دىگەن كىتاپنىڭ خېتى مەندە پۈتۈلگەن،
نى - نى چىگىش تۈگۈنلەر مېنىڭ بىلەن يېشىلگەن.

قەغەز، كومپاس، مەتبەئە،
دورا① دىگەن مۆجىزە
مەندىن ئۆتۈپ جاھانغا تارالغان ھەم كېڭەيگەن،
مەدىنىيەت بۆشۈگىن ئۆز قولۇمدا تەۋرەتكەن.

4

دىمەك، تا ئەلمىساقتىن —
بىرى بارمەن ئۇزاقتىن.
شۇڭا بېشىم ئاقارغان، ھەتتا كىيگەن تونۇم ئاق،
لېكىن ئۆزۈم ئەمەسمەن سىز ئېيتقاندەك ئاق بايراق.

بۇ ھۆر زىمىن ۋەتىنىم،
ئاڭا باغلىق جان - تېنىم،
چاچ - ساقالنىڭ ئاقلىغى — تارىخ قەسرىنىڭ ئۆلى،
كۆككە تاقاشقان بېشىم شۇ ۋەتەننىڭ سىمۋۇلى.

---

① دورا — بۇ يەردە مىلتىق دورىسى دىگەن مەنىدە.

قارا بۇلۇت تۇسسمۇ،
چاقماق كېلىپ سوقسمۇ.
ئېگىلمەستىن بۇ بېشىم مەغرۇر تۇردى ھەممە ۋاق،
قانداق قىلىپ مەن ئەمدى بولۇپ قالاي ئاق بايراق.

قەلبىم قىزىل چوغ تۇرۇپ،
قىزىل تۇغنى كۆتىرىپ.
كېتىۋاتسام مەيداندا ناخشام غالىپ، ياڭراق،
قايسى يۈزىڭىز بىلەن مېنى دەيسىز ئاق بايراق!

1984 - يىل 25 - سېنتەبىر، ئۈرۈمچى

# رۇبائىلار (1)

(ئون يىللىق ئاپەت مەزگىلىدە)

## 1

قەلەم سۇندى، ئەلەم ئەزدى دىلىمنى،
شامال دارىپ كىكەش قىلدى تىلىمنى.
قولۇم تۇتماس، پۇتۇم باسماس، پالەچ مەن،
نىمەم بىرلە قىلاي رازى ئېلىمنى!

## 2

قارا يىللار بۆشۈكىگە تۇغۇلدۇم،
تۇغۇلدۇمۇ، قەپەس ئىچرە بوغۇلدۇم.
ئۆمرۈم مىنىڭ ھەسرەت بىلەن ئۆتەرمۇ،
ئەلگە خىزمەت قىلاي دىگەن ئوغۇلدۇم.

www.uyghurkitap.com

3

يوق ئىدىم، بىر كېچىدە بار قىلدى مېنى،
بار قىلدى - يۇ، جاپاغا دۇچار قىلدى مېنى.
بەتمەسمىدى شۇ، پەرزەنت تاپقىنىم نىمە،
ساراڭلىغىم تولا گۇناكار قىلدى مېنى.

4

مېنىڭ مەن بولمىغىم ئۆز مەيلىم ئەمەس.
يا ئورۇق - سېمىزلىك تۆپەيلىم ئەمەس.
ئۆز يۇرتتا غېرىپ، ئۆز يۇرتتا مۇساپىر
بولمىغىم ھەرگىز ئۆز پەيلىم ئەمەس

5

تىرىك دىسەم، تىرىكلىكتىن مەنا يوق،
ئۆلەي دىسەم، ئۆلمىگىمگە بانا يوق،
كۈندە خىيال، كۈندە تەشۋىش، كۈندە غەم،
دەردىم ئېيتسام، دەرتكە دەرمان دانا يوق.

6

بۇ نىچۈك تۇرمۇش ئىكى، كىشى ئاندىن بىزار،
تەن بىزار جاندىن يەنە جانمۇ تەندىن بىزار.

كۆڭلۈم ئىستەر مەڭگۈلۈك خىلۋەت ماكان،
ۋاھ ئەجەپكىم، دىلمۇ بۇ جاندىن بىزار!

## 7

ئىلىملىك بولدى نىمە-يۇ، ئەقىللىق نىمە،
ئادىمىلىك خىسلىتىلىك، پەزىلىك نىمە.
باقمىسا دەۋران ساڭا، كۆلمەس گۈلۈڭ،
قانچىلىك سىڭگەن بىلەن ئەجرىڭ نىمە.

## 8

قارۇنغا غەزنە - يۇ، ئەيساغا ئىشەك①،
چىۋىنگە قەن - شېكەر، ھۇماغا سۆڭەك②.
نىمە بۇ مۇنچىلىك بىداتلىق، سىتەم،
قاچانمۇ تۈزلىمەر رەپتارى پەلەك؟

---

① رىۋايەت قىلىنىشىدا، مۇسا پەيغەمبەرنىڭ قارۇن نامىلىق بىر ۋاماندىشى (يەنە بىر رىۋايەتتە تۇققىنى) بولۇپ، ئىنتايىن نادان، قارا كۆڭۈل، بېخىل ۋە جاھىل ئىكەن، ئەمما ئۇ شۇ قەدەر باي ئىكەنلىكىدىن، غەزنىسىنىڭ ئاچقۇچىنى 72 تۆگىگە يۈكلەيدىكەن. ئەيسا پەيغەمبەر بولغان بىلەن، ئۇنىڭغا ئارانلا بىر ئىشەك نېسىپ بوپتىكەن. ئۆزبېك يازغۇچىسى ئايبەكمۇ، «ناۋايى»ناملىق رومانىدا بۇ ھەقتە پىكىر يۈرگۈزگەن.

② ھۇما - ئەپسانىۋى بەخت - دۆلەت قۇشى، لېكىن، ئۇنىڭ يەيدىغىنى قۇرۇپ قالغان سۆڭەك ئىمىش. كىلاسسىك شائىرلار ھۇما بىلەن چىۋىننى كىنايە قىلىش يولى بىلەن ئۆز دەۋرىدىكى ئادالەتسىزلىكنى پاش قىلغان.

www.uyghurkitap.com

## 9

تۆرەلمەكلىك مېنىڭ ئۆز ئىشىممىدۇر،
تۇغۇلماقلىق مېنىڭ خاھىشىممىدۇر،
ئانامنىڭ قارنىغا سىققان ئىدىمكى،
جاھانغا سىغمىغان شۇ بېشىممىدۇر.

## 10

ئۈممەت پەرقلەندۈرەر بىژنى شەيتاندىن،
ئۈممەتسىز- شەيتان ئىمىش بىنەسىپ جاندىن.
مەڭگۈلۈك زۇلمەتتە قالماس بۇ ۋەتەن،
ئۈممەتنى ئۈزمىگەن سەن سۈبھى تاڭدىن.

# رۇبائىلار (2)

## 1

قاياشتۇر ئاي بىلەن قۇياش ئۆمۈر بات،
قۇياشسىز قالسا ئاي بولۇر زۇلۇمات.
ھاياتىم بۆشۈگى شۇ ئانا ۋەتەن،
ۋەتەنسىز نە قىلسۇن بۇ تەندە ھايات.

## 2

ئۆستۈردى قوينىدا مېنى شۇ تۇپراق،
ئۆلسەممۇ، ماڭا ئۇ بولغۇسى يۇمشاق،
شۇ ۋەتەن ئىشقىدىن ئۇلۇغ نىمە بار؟
سىغمايدۇ كۆڭۈلگە بۆلەك ئىشتىياق.

## 3

مەجنۇن تال قەددىنى ئېگىپ مۇلايىم،
سۇ بەرگەن ئۆستەڭگە قىلىدۇ تازىم.

مۇت بېرىپ ئۆستۈرگەن ئانا ئالدىدا
بۇرچىمىز قانچىلىك ئويلايلى دائىم.

4

ھەر قانچە ئېگىزدە قۇش پەرۋاز قىلار،
ئۇزۇغى، ئۇۋىسى يەر ئۈزرە بولار.
يەتتىنچى ئاسمانغا يەتسىمۇ بېشىڭ،
پۇتلىرىڭ يەنە شۇ تۇپراقتا تۇرار.

5

ئانا سۈتى ئاقارتقاي دىلىڭنى سېنىڭ،
مەرىپەت يورۇتقاي يولۇڭنى سېنىڭ،
ۋەتەنگە مۇھەببەت كۈچ - ئۈمىت بېرىپ،
پەلەككە يەتكۈزگەي قولۇڭنى سېنىڭ.

6

تاھىرغا ئۆزىنىڭ زوھراسى ياخشى،
مەجنۇنغا ھۆردىنمۇ لەيلاسى ياخشى.
مېنىڭ بۇ سۆيگۈگە چاڭقاق دىلىمغا
ۋەتەن گۈلزارىنىڭ رەناسى ياخشى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 7

جاھاندا ئىككى نەرسە مەڭگۈ ئۆلمەس،
بىرى خەلق، بىرى «ھەق ئېگىلۈر سۇنماس».
بۇلۇت گەرچە توسار بەزەن قۇياشنى،
قۇياش ئۆچمەس، يۈزىگە توزاڭ قونماس.

## 8

چىۋىننىڭ قانتى ئاينى ياپالماس،
چۈمۈلە ھارۋىنى يولدىن توسالماس.
ئالقانچە يەردىكى قۇياش نۇرىنى
مىڭ ھارۋا توپىمۇ ھەرگىز كۆمەلمەس،

## 9

باھار كەتسە توزار گۈلشەندە غۇنچە،
تىرىكنىڭ قەدرىمۇ كۆز يۇمۇلغۇنچە.
لېكىن ئۆلمەس كىشىلەر ھەم بار جاھاندا،
قۇياشنىڭ ئۆمرى قانچە، ياشار شۇنچە.

## 10

ئاقار دەريا يۈزىمۇ، قىشتا مۇزلار،
قىزىلگۈلنىڭمۇ بىر كۈن خازانى بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇلۇغ غايە بىلەن سۇغىرىلسا دىل،
ئۇنىڭدا تۈت پەسىل ھەمىشە باھار.

## 11

بىراۋلار ئەلگە قىلدى جانىنى قۇربان،
بىراۋلار تەر بىلەن گۈللەتتى بوستان.
ئالار قۇش تۈلكىنى ئۇنىسىز ـ تاۋۇشسىز،
قاقاقلار بىر تۇخۇم تۇققانغا مىكىيان①.

## 12

كىشىكىم، مەيلى شاھ، مەيلى گادا دۇر
ۋە مەيلى دانىشمەن، مەيلى سىپادۇر؛
دېگىنىزدىن تامچىمىز ھەر قاندىغىمىز،
ئادەمزات تارىخ بۇنگا گۇۋادۇر.

## 13

مېنى باغدىن ئەمەس، چۆلدىن ئىزلەڭلار،
ۋە يا باغراش دىگەن كۆلدىن ئىزلەڭلار.
ئۇنىڭدىن ياخشىسى ئۇزۇن سەپەردە —
يىقىلغان گۈلخاندىكى كۈلدىن ئىزلەڭلار.

---

① ئاخىرقى ئىككى مىسرا كىلاسسىكلاردىن ئىقتىباس.

## 14

چېچىپ نۇر قوغلايدۇ زۇلمەتنى گۈلخان،
ئۆزى كۈل بولۇپ دەشتتە قالار بىنىشان.
نە ياخشى ئۇلۇغۋار ئۇنىڭ غايىسى.
بولالىسام كاشكى، شۇ گۈلخانسىمان.

## 15

بۇلبۇل ئېيتۇر: گۈلزارىمدىن ئايرىما،
لېچىن ئېيتۇر: قاناتىمنى قايرىما.
مەن ئېيتۇرمەن: بېلىق سۇسىز نە قىلسۇن،
مېنى خەلقىم قۇچاغىدىن ئايرىما.

## 16

ئۆمۈرنىڭ تولىسى ئۆتتى مەنىسىز،
قاراڭغۇ سايىدەك ئۈنسىز، شۆلىسىز.
قىراۋ باستى باشۇ - ساقالنى تەڭلا،
قالارمۇ يوق ئەمدى بىرەر ئۆچمەس ئىز.

## 17

ئالدىمدا بىپايان ۋادىلار، باغلار،
ئارقامدا ئاسمانغا تۇتاشقان تاغلار.

تىزلەتسەم قەدەمنى نە بەخت ئىدى،
دەرىخا، كەلمەس ئۇ نەۋقىران چاغلار.

## 18

شاتلىق بىلەن قايغۇ قوشكېزەك ئىمىش،
مۆلدۈرگە باھارۇ — كۈز بىردەك ئىمىش.
ئۆتۈقتا يوق دىمە ئۇچۇشسىزلىقنى،
كىشىلىك ھاياتى شۇ دىمەك ئىمىش.

## 19

ئۆمۈر مەنزىلى ئاق قەغەزگە ئوخشار،
ھەر باسقان قەدەمدىن بىر ئىزىڭ قالار.
يا ماختان، يا ئۆكۈن، ئۆزۈڭنىڭ ئىشى،
ئەڭ ئادىل ھۆكۈمنى ئەل ئاڭا يازار.

## 20

ئالتۇن جام ئىچرە مەي قوزغاتسا ھەۋەس،
گۈزەلنىڭ كۆزلىرى سېنى قىلسا مەس.
كۈنۈڭ ئۆتسە ئالقىش ـ ماختاشلار ئارا،
ئاگاھ بول، ھاياتنىڭ بۇ ئۆزى ئەمەس.

## 21

قارىغاينىڭ كۆكلىگى، ئۇنىڭ زىننىتى،
تۈزلىگى — ئۇنىڭكى قەدرى - قىممىتى.
ھەركىشى قارىغايدەك بولالىسا تۈز،
ئەل ئىچرە ساقلىنار ئىززەت - ھۆرمىتى.

## 22

ئەل غېمى - شاتلىغى ئىلھامىغا بۇلاق،
ئۇنىڭسىز شېئىردا بولماس خۇش پۇراق.
كۆر، ئالتۇن قاچىغا چىلانسىمۇ گۈل،
سولىشىپ كېتەر تېز بولمىغاچ تۇپراق.

## 23

ئەل ئۈچۈن يۈگۈرتسەك قەغەزدە قەلەم،
تاغلارنىڭ بېشىغا تىككەرسەن ئەلەم.
ۋە لېكىن، سۇ قوشۇپ قويساڭ سىياغا،
ئىزلىرىڭ تېز ئۆچۈپ، چېكەرسەن ئەلەم.

## 24

شۆھرەت كەمرىگە ئۇزاتقىچە قول،
ئۇتۇنچى بوۋاينىڭ ئاغامچىسى بول.
تاجدارلار تاجىنىڭ كۆزى بولغىچە،
كۆكلەم يامغۇرىنىڭ بىر تامچىسى بول.

## 25

شېئىر يازماق ئاسان، ھەق سۆزلىمەك تەس،
شائىرغا ھېرىس - تاما بولمىغاي ھەۋەس.
يازغاننى قەدىرلە ئاۋال سەن ئۆزۈڭ،
سېتىپ خەجلىگىلى ئۇ تاۋار ئەمەس.

## 26

بىلىم — ئۇ، يۈگەنسىز بىر ئۇچقۇر تۇلپار،
مىنەلىگەن كىشى مۇراتقا يېتەر.
ئۇ شۇنداق ئاجايىپ مۆجىزىدۇركى،
قارا تاش ئۈستىگە تېرىساڭ ئۈنەر.

## 27

كىشى ھەر نەرسىنى بىلمەككە ماھىر،
بىلىپ بولماققا لېكىن ئۇ ئەمەس قادىر.
ئارستودەك ھېكىممۇ ئېيتقان ئىدىكى،
بىلگەنسېرى بىلدىم بىلمەسلىكنى ئاخىر.

## 28

قەددىڭنى پۈكۈپ سەن قىلمىغۇنچە يا،
ئاقمىسا تەرىڭدىن ۋە ياكى دەريا،
ئىندەككە كەلمەيدۇ بىلىمنىڭ قۇشى،
قەلبىڭدە گەر بولسا تېرىقچە رىيا.

## 29

بىلىم ئۇ، خۇددى چىن سۆيگۈ مىسالى،
بەرھاتقىلا مەنسۇپ شىرىن ۋىسالى.
كىمكى ساختىلىق قىلسا خىسراۋدەك،
ۋىسالغا ئېرىشمەك ئۇنىڭ خىيالى.

## 30

سايلام بىلەن كىشى تۆرگە چىققان بار،
دۆلەت قۇشى قونسا، ئەمەل تۇتقان بار.
ۋە لېكىن، ئالىملىق مەرتىۋىسىنى
رىيازەتسىز قاچان بىرسى تاپقان بار!

## 31

ئۆتنە – يېرىم قىلماق تۇرمۇشتا بار ئىش،
بىلىمنى ئۆتنىگە ئالماقلىق خار ئىش.
بىراۋنىڭ تونىدا تەرلەيمەن دىمەك،
ۋىجدانلىق كىشىگە بىر ئۆمۈر ئار ئىش.

## 32

بىلمەكتىن مۇرات نام – شۆھرەت ئەمەستۇر،
شۆھرەتكە ئىنتىلىش رەزىل ھەۋەستۇر.
بىلگەننى دان قىلىپ ئېتىزغا چاچساڭ،
ھوسۇلى ئەلگە بولسا، ئۇشبۇ بەستۇر.

*

## 33

ئالدىڭدا يېقىغلىق شام چىراققا باق،
كېچەنى قىلىدۇ كۈندۈزدەك ئاپپاق.
تەپەككۇر كۆزىلە ئۇنى بىر كۆزەت،
ئۆزىچۈن يانامدۇ ئۇشبۇ شام - چىراق.

## 34

ماڭلايدىن ئاقمىسا تارام - تارام تەر،
كۆكەرمەس ھېچقاچان باھاردىمۇ يەر.
بىلىم مەنزىلىمۇ تاشلىق، داۋانلىق
نىچۈك ئالغاي مېدال جەڭدىن قاچار ئەر!

## 35

بىنەر نادان ساڭا ئۆگەتسە دانىش،
كۈلۈپ قويغىن ئاڭا، سەن قىلما كايىش.
ئىشەكنىڭ بىمەھەل ھاڭراپ تاشلىشى
ئاتوم دەۋرىدىمۇ، تۇرمۇشتا بار ئىش.

•

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 36

دۇنيا قىلسا ھەر ۋاخ مۆمىن ـ مۇسۇلمان،
تىلەيدۇ دوزاقتىن بولماقنى ئامان.
ۋە لېكىن، دوزاقنىڭ ئۆزى ئېيتارمىش:
«مەن ئۆزۈم قورقىمەن نادانىدىن يامان.»

## 37

يولۇڭ بولسا توغرا، مەردانە بولغىن،
ھەقىقەت شامىغا پەرۋانە بولغىن.
«ئېشىڭ بولسا ھالال تۆت كوچىدا ئىچ»
دەيدۇ ئەل، ھەق ئۈچۈن قۇربانە بولغىن.

## 38

كۆكۈل بوستانىغا جاھان سىغىدۇ،
جاھان تۇرماق ھەتتا ئاسمان سىغىدۇ.
مۇبادا رەشىك ـ ھەسەت قاپلىسا ئۇنى،
تېرىقنىڭ قاسىرىغىمۇ ئاران سىغىدۇ.

## 39

ئاسمانغا نەزەر سال، يۇلتۇز بىساناق،
ئۇسۇشمەي ئۆتۇدۇ ئەزەلدىن ئىناق.
جاھان كەڭرى، دوستۇم، يېتەر ھەممىگە،
ئادەمگە ياراشماس سۆڭەك تالاشماق.

## 40

كۆپەيسە دۇشمىنىڭ، سەن بولما غەمناك،
بىرۇر ئۇ ھەم ساڭا ئەقىل ۋە ئىدراك.
ئەگەرچە چاقمىسا ئادەمنى يىلان،
قەيەردىن تېپىلاتتى دورا ـ تەرياك! ①

## 41

ئۆتمىكىم دوستق دىمە، راھەتتە ئىناق،
ئايرىلسا سېنىڭدىن غۇربەتــتە بىراق.
سايەڭگە نەزەر سال تەپەككۇر بىلەن،
يورۇقتا بىللەيۇ، زۇلمەتتە يىراق.

① تەرياك — زەھەر قايتۇرغۇچى بىر خىل دورا.

## 42

ئۆزىڭنى دوست دېمە، غەيۋەتكە ماھىر،
سېنى ھەم قويمىغاي بىر چەتتە ئاخىر.
مىسال شۇكى، چايانغا بەرى ئوخشاش —
قېرى، ياشۇ - بوۋاق، دانىش، ئاكابىر①.

## 43

ئۆزىڭنى دوست دېمە، ھەر كۈندە ۋەدە،
بۈگۈننىڭ ئەتىسىمۇ، يەنە ئەتە.
مىسالى چۆلدىكى ۋىلۋىلىگە ئوخشار،
ئۇنى قوغلاپ يېتىشمەك ساڭا نەدە!

## 44

ئۆزىڭنى دوست دېمە، ھەم ساڭا يولداش،
رەقىبىڭ بىرلە ھەم ئۇ بولسا مۇڭداش.
مىسال شۇكى، نىمە دەر خەلقى ئالەم،
ئەگەرچە ئىككى يار تۇتسا قەلەم قاش!

---

① ئاكابىر — چوڭ ياشلىق كىشى؛ يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئەرباپ.

## 45

ئىچۈن ئۇتقا ئۇرار ئۆزىنى پەرۋانە،
ئىچۈن شام ئاققۇزار كۆزدىن دۇردانە.
نە بىلسۇن ھاياتىنىڭ بۇ سىرلىرىنى،
تۇرمۇشتىن چەتلەشكەن زاھىت مەستانە!

## 46

يالغانچىنىڭ تىلى چىچەكسىز يىلەك،
چىچەكسىز يىلەكتە نە قىلسۇن خەمەك.
ئۇزارغانسېرى ئۇ ئۆز ئىگىسىنى —
بوغىدۇ يىلاندەك بولۇپ چەمبىرەك.

## 47

ئالتۇن ھەل يالاتساڭ، كېسەكتۇر كېسەك
گەر ھالۋا بەرسەڭمۇ، تىزەكلەر ئىشەك.
كۆرۈمسىز شۇ يىلە قۇرۇتىغا باق،
يەپ ئاددى يوپۇرماق، بېرىدۇ يىپەك.

www.uyghurkitap.com

## 48

بۈيۈك تاغنى تالقان قىلسىمۇ گەر،
ئۆزگە تەمەننا قويماس يىگىت - ئەر.
كۆر پىلە قۇرۇتى چىغىدا ھەر يىل،
پۈتتۈرگەچ غوزىنى، بى مىننەت ئۆلەر.

## 49

قىرىماس نەرسە يوق جاھاندا پەقەت،
قۇياشمۇ قىرىيدۇ ھەتتا ھەر سائەت.
ۋە لېكىن بۇنىڭمۇ مۇستەسناسى بار،
ئۇنىڭكى ئېتىدۇر سۆيگۈ - مۇھەببەت.

## 50

ئەزىم دەريا ئاقار شاۋقۇن - سۈرەنسىز،
نى ئەرلەر قالدى چۆل دەشتتە كېپەنسىز.
نە ھاجەت كۆرەڭلەش بىزگە، ئەي دوستۇم،
ئايلىنىۋېرەر يەر سەنسىز ۋە مەنسىز.

## 51

نى ئەرلەر كەچتى قان، يەنە قان كىچەر،
ئەل بەختى يەنە كۆپ قان - تەرنى تىلەر،
ھەرقاچە تەر تېمىپ، بولۇپ بىر ئۆستەڭ،
قاندۇرسا چۆللەرنى، ئەل ئەجرىڭ بېرەر.

## 52

جاراڭلىق ھەرسادا بولمايدۇ ناخشا،
مۇھەببەت - نەپرەتسىز چىقمايدۇ ناخشا،
ئىشەكمۇ بەزىدە ھاڭرايدۇ قاتتىق،
ئۇنى ئەل ھېچقاچان دىمەيدۇ ناخشا.

## 53

ئەجەپ بىر گۆش ئىكەن بۇ يۈرەك دىگەن،
ھەر تەندە ئۇ ھەر حىل ھېس قىلار ئىكەن،
ئەگەر ئۇ ئىچمىسە ۋىجدان شارابىن،
ئىلعىدا ئېسىقلىق سېسىق گۆش ئىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 54

بىر زاھىت ئۆتتۈركەن نامازنى سەھەر،
ئۇي ـ پىكرى جەننەتتىن ھۆرلەرنى ئىزلەر،
شۇ چاغدا بىر دىخان قوغۇننى كۆچلەپ،
ئىلاھىم ئوخشىغاي بۇ قوغۇنۇم دەر.

## 55

سۇۋادان تېرەككە تاش ئاتماس كىشى،
سەۋەپ شۇكى يوقتۇر ئۇنىڭ يېمىشى.
يېمىشلىك دەرەخقە تېگىپ كۆپ تاياق،
ھەممىشە يېرىقلىق تۇرىدۇ بېشى.

## 56

ياشلىق ــ ھەر كىشىنىڭ گۈلىستان بېغى،
ھەر تاڭدا بۇلبۇلنىڭ ناۋاكەش چېغى.
بىر قاچا سۈت بولسا بۇ ئۆمۈر دېگەن،
ياشلىغىڭ شۇ سۈتنىڭ قايمىغى، يېغى.

## 57

ياشلىق — ئۇ، ئۆمۈرنىڭ تۆنجى باھارى،
باھارغا باغلىقتۇر بىر يىلنىڭ كارى.
نىمە چاچسا يەرگە باھاردا دېخان،
شۇنىڭ بىرلە توشقاي كۈزدە تاغارى.

## 58

كۆكلەم ـ باھار كەتسە، يېنىپ كەلگەن بار،
جاندىن كەچسە جانانىنى تېپىپ سۆيگەن بار،
ئېيتىڭچۇ بىر كەتكەن ياشلىق كەينىدىن —
قوغلىشىپ جاھاندا كىممۇ يەتكەن بار!

## 59

ۋەتەن يادى مېنىڭ سۈبھىگاھىمدۇر،
ئۇ كۈندۈز ئاپتىۋىم، تۈندە ماھىمدۇر.
ئەگەرچە ئەيلىسە رەشك مەيلى كەئبە،
مۇشۇ تۇپراق مۇقەددەس سەجدىگاھىمدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 60

نەزەر سال يېقىلغان گۈلخانىغا بىردەم،
ئۇنىڭ خۇلقى - مىجەزى قانداق مۇكەررەم.
يورۇتقاچ بىپايان چۆللەرنى، ئاندىن —
ياتار بىر دۆۋە كۈل بولۇپ ئۇ دىلجەم.

# يېڭى جۇڭگو گۈلىستانىغا

(لىرىك داستان)

## مۇقەددىمە

بىر كۈز ئاخشىمى ...
كۆك يۈزى تىنىق.
شىشىدەك سۈزۈك،
بۇلۇتنىڭ ئەسىرى يوق ئالقانچىلىك.
كۈمۈش ئاي ئۈزىدۇ يەلكەن كەبى،
گويا دېڭىزنىڭ تىنىق قوينىدا.
كۈلىدۇ ئۇ مېنى قۇتلىغان كەبى،
نۇر سېپىپ، نازلىنىپقىنا.
جىمىرلايدۇ ئاسمان چىراقلىرىمۇ،
پىلىلداپ، كۆزىنى قىسىشىپ ماڭا.

كۈز شاماللىرى يەلپۈنۈپ مەيىن،
قېشىمدىن ئۆتۈدۇ
چېچىمنى سىلاپ،
ئۈمىدىن، شاتلىقىن سۆزلەيدۇ تىنماي

قۇلاق تۇتۇپمەن،
ئاستا شەۋدرلاپ.
مەن بولسام، خىلۋەتتە بىر ئۆيگە چۆمۈپ،
كۆمۈش ئاي چېھرىگە قاراپ تۇراتتىم.
ئۇنىڭدىن سۈت كەبى نۇرلارنى ئىمىپ،
تەڭ كۈلۈپ، تەڭ ئۈزۈپ،
خىيال سۈرەتتىم.

بىلمىدىم چۈشۈمۇ ۋە ياكى ئوڭۇم،
بىردىنلا قاپلىدى ئۈپۈقنى بۇلۇت.
خىيالىم ئۈزۈلدى،
بۇزۇلدى كۆڭلۈم،
مەن قالدىم ئەندىكىپ ھەم تىترەپ ۋۇجۇت.
«كەت!» دىدىم بۇلۇتقا،
ئۇ كەتمىدى،
يېقىنلاشتى ئايغا كېلىپ تېخىمۇ،
«خەپ سېنى» دېيىشكە ئۈلگۈرمەي تېخى،
غايىپ بولدى كۆزدىن مۇڭدىشىمۇ.
يۇتۇپ كەتتى ئۇنى گوياكى بۇلۇت،
بىراق مەن ئۈزمىدىم ئۇنىڭدىن ئۈمىت.

مانا، ئۇ كۆرۈندى،
بۇلۇت پەردىسىنى يىرتىپ چىقتى،

«كەت، يوقال، ئەي قارا بۇلۇت» دەپ،
چىلىش ناخشىسىنى ئېيتىپ چىقتى.
ئۇ، چىلىشنىڭ قاينام قوينىدا،
دەم كۆرۈنىدۇ،
دەم بېكىنىدۇ دۈشمەنگە خەتەر يوللاپ.
ئالەم ياڭرىتىپ ناخشا ئېيتىدۇ
زۇلمەتنى قوغلاپ،
يەنە ئوت چاچىدۇ
ساقىندى داغلارنىڭ باغرىنى تىلغاپ.
«دۈشمەن تەسلىم بولمىسا، يوقىتىش كېرەك!» —
دەيدۇ ئۇ قەسەم يادلاپ،
كۆرەشكە يېڭىدىن يېڭى كۈچ توپلاپ.

خىيالىم ئەمدى تېتىكلەشتى،
ئالماستىنمۇ ئۆتكۈرلەشتى.
شۇ جەڭ قوينىغا ئۆزۈمنى ئاتتىم،
كۆرەش كۈيىدىن ئىلھاملار ئېلىپ.
بۇ، «قاراڭغۇلۇق — يورۇقلۇق كۆرىشى، —①
بىزنىڭ ۋەتەن شۇنىڭ تەمسىلى» —
دېدىم، قەلەمنى مىنىپ،
يېڭى جۇڭگو گۈلىستانىغا
ماڭدىم ئاتلىنىپ...

① ماكسىم گوركي.

www.uyghurkitap.com

## 1

بىزنىڭ ۋەتەن شۇنداق ۋەتەنكى،
داڭقى چىققان جەسۇر ئارسلان.
قۇرۇقلۇقنىڭ چوڭ بىر قىسمىنى
گۈللەتكەن، گۈلشەن قىلغان.
بەش مىڭ يىللىق تارىخ ئۇلىنى،
ئۇنىڭ ئىسىل، يۈكسەك تېمىنى
ئەمگەك بىلەن كۆككە تاقىغان،
شۇئان، شۇدەمدە پۈتۈن دۇنياغا
داڭقى كېتىپ، شۆھرەت قازانغان.

ئۇنىڭ قوينىدا لەتىپ گەۋدىلىك،
ئالتۇن - كۈمۈشلۈك ئالماس تاغلىرى،
ئەنە تىيانشان،
قاۋۇل ھىمالاي،
گۈل - چېچەك ئاتقان گۈزەل ئالتاي،
كۇئېنلۇن يەنە كۆك داۋان پامىر،
ئېتەكلىرىدە چىمەن باغلىرى.
ھەر تاغ ئۆزى بىر پۈتمەس غەزىنە،
ھەر غەزىنىدە مىليون خىل لەۋھە.
فەرىپتىن شەرققە،

دىڭىز قوينىغا —
كۆمۈش سۇلىرى ئۆركەشلەپ ئاققان.
ئەنە خۇاڭخې،
گۈزەل چاڭجياڭ
قىرغاقلىرىغا ئۈنچىلەر چاچقان.
كەڭ ۋادى بويلاپ
ئاقىدۇ ئۇلار،
تىنىڭ قىرغاقلار، تاشىدۇ ئۇلار.
كىملەرگىدۇ نەپرەت —
كىملەرگىدۇ مۇھەببەت
ئۇچقۇنلىرىنى چاچىدۇ ئۇلار.
بىزنىڭ ۋەتەن شۇنداق ۋەتەنكى،
قوينىدا بەك كۆپ سىر يوشۇرۇنغان.
تارىخ گۇۋا، ماركوپولو ① ھەم
تەخسىرسىز ئاڭا قايىل قالغان،
شۇڭلاشقا ئۇ پۈتۈن جاھانغا
كۆرسىتىپ ئۇنى، قاتتىق ۋاقىراپ
«ئۇ بىر جەننەت» دەپ جاكالار قىلغان.
ئاجايىپ ئىختىرا مۆجىزىلىرى
شۇ زېمىندا بارلىققا كېلىپ،
ئىنسانىيەتكە تۆھپىلەر قوشقان.

① ماركوپولو — مەشھۇر ئىتالىيە سەيياھى، ئۇ، 13 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا جۇڭگوغا ساياھەتكە كەلگەن ۋە ئۆز ئەسىرىدە جۇڭگونى «جەننەت» دەپ تەرىپلىگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 2

لېكىن، بۇ گۈزەل ئۇلۇغ ۋەتەننىڭ
تاغدىن ئېغىر، غايەت مۇشەققەت،
نالە ــ پىغانلىق، قاراڭغۇ دەھشەت
زەھەردىن ئاچچىق، قارا ئۆتمۈشى
قاخشىتىدۇ، داتلىتىدۇ،
يىغلىتىدۇ بىزنىڭ يۈرەكنى.
چۈنكى ئۇنى جاپا تاغلىرى،
ھەسرەت داغلىرى،
كۈلپەت يۈكلىرى
بېسىپ كۆپ زامان،
يۈرەك باغرىنى تىلغاپ قان قىلغان.
كونا تارىخ بويۇنتۇرۇغى
كېيىلىپ بويىنغا ئىككى مىڭ يىل،
قويمىدى ھەتتا
قىمىرلىتىشقا تىل.
قارا كۈنلەر،
ساتقۇن ئۈنلەر،
يىللار ئەمەس، كۆپ ئەسىرلەرگىچە،
قانچە سۇلار ئېقىتىپ بولغىچە.
بۇ ۋەتەننى ئاناي تېپىپ،

ئەپسۇن بىلەن ئەللەي ئەيتتى.
سۈت ئورنىغا زەھەر بېرىپ،
ئوبدانلىقنى يۇۋاشلاتتى.
كۆڭلۈمىزنىڭ «قۇددۇس» نامىدىن،
بەگ ـ خاقانلار شاراپ جامىدىن.
زۇلۇم، ھاقارەت،
غەپلەت ۋە غۇربەت
ياغدۇرۇپ ئۇنىڭ بېشىغا،
گادايلىق، قاششاقلىق،
خورلۇق، نادانلىق
پاجىئەسىنى تىنماي ئويناتتى.

ئاتىلار قول، يالالنىما پاتراق،
ئوغۇلنىڭ ھالى ئۇندىن يامانراق.
ئانىلار زەئىپە، قىزلار ئاجىزە،
خانۇ ـ بەگلەرگە ئەركىسىز كەنىزە.
بىر ياقتا ئۆلۈم، خورلۇق، گادايلىق،
ئىشىكمۇ ـ ئىشىك قول سۇنۇپ دوقراش،
بىر ياقتا ئويۇن ـ كۈلكە، تاماشا،
ئەيشى ـ ئىشرەتنىڭ خىلىنى تالالاش.
جاھاننىڭ بىر يېرى دوّك، بىر يېرى ئوي،
بىر يېرىدە يىغا ـ زارە، بىر يېرىدە توي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

3

ئۇنى ئاز دەپ بىر زامان،
تەتۈر چۆگىلەپ دەۋران.
ئۆلگەننى تەپكەن قىلىپ،
زۇلۇمغا ئۆلۈم قوشۇپ،
بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ،
چىشلىرىنى بىلىشىپ.
كەلدى مەغرىپ ـ مەشرىقتىن،
ئاچ بۆرىلەر، تۈلكىلەر،
يەڭ ئىچىدە خەنجىرى،
چىرايىدا كۈلكىلەر.

دىدى بىرسى: «جۇڭخۇا» سەن تىنچ ئۇخلا،
مەن سىنى ئەللەي ئېتەي.
ئۇيقۇڭغا خەلەل بەرمەي،
بۆشۈگۈڭنى تەۋرىتەي.
دىدى بىرسى: «ئەللەي»
ئۇخلاۋەرگىن تەۋرىمەي.
ئۇيقۇڭغا كىم خەلەل بەرسە،
مەن بولىمەن قورۇقچىڭ ھەم ھامىيىڭ.
ھەم ئىگەڭ، ھەم چاكىرىڭ.

ئۈيقۇڭ كەلمىسە زادى،
مەن ساڭا دورا بېرەي.»

قاغا ـ قۇزغۇنلارمۇ تەڭ
ھەر ياندىن قاقاقلاشتى،
شۇنداق قىلىپ بۇ ئارسلان
دورا بىلەن يۇۋاشلاندى.
بۇ دورا ئىدى ئەپيۇن،
ئۇنى ئۇخلىتىشقا مەڭگۈ،
ئوقۇلغان سىرلىق ئەپسۇن.
بۇ دورا قىلىپ تەسىر
چىرايلار بولدى سامان،
قۇرۇپ سۆڭەكتە يىلىك،
شورۇلۇپ كەتتى ۋە قان.
شۇنداق قىلىپ، ئەزەلدىن
باتۇر بولغان ئارسلان،
ئەمدى بولۇپ قالدى ئۇ
شەرقتىكى بىر ئاغرىقچان،
كۈنلەر، ئايلار ۋە يىللار
شۇ خىلدا ئۆتۈۋەردى.
بۆرە ـ تۈلكە، يىرتقۇچلار
ئارسلانغا ئولاشتى،
قىزغىنىشىپ، تالىشىپ،
خېرىس قىلىپ ھۇلاشتى.
مانا پەردە ئوچۇق،

تۇلكە، بۆرە، خور ـ خور ئىت،
ھەرقايسىسى ئۆز رولىدا،
ھەممىسى ئۆز كويىدا.
«قېنى قايسىمىز پالۋان،
قايسىمىز چاققان،
كىمنىڭ چىشى ئۆتكۈر،
كىم ئۇستا قاسساپ؟
كىم بولمىغۇر،
كىم بۇ ئىشقا ناباپ؟»
ياڭرايدۇ شۇ گەپ ھەر نەپەس.
ھەممىسى بەك ئالدىراش،
ئىشقا چۈشۈشكەن بەسمۇ ـ بەس.

ھەر كۆنلۈگى بىر خەۋەر —
بىر مەشئۇم خەۋەر تارقىلار.
قولدىن كېتىپتۇ شياڭگاڭ،
ئاۋمېن بىلەن جۇجاڭمۇ؛
ئۇزۇن ئۆتمەي خېيلۇڭجياڭ،
خاربىن بىلەن شېڭياڭمۇ.
قايسى بۇلۇڭ، قايسى يەر،
قايسى تامانغا باقما،
ھەممىسى مۇڭغا چۆمگەن.
سىقىلدى جان،
بۇغۇلدى جان،

زۇلۇم تىزگىنسىز،
ئەتراپ گۆرستان.
شۇنداق، شۇنداق، ئېيتقاندەك،
«دۇنيا ناھايىتى چىچەن سۆزگە باي»①.
مەن سۆزگە گاداي،
بۇڭا يارارلىق سۆزنى مەن نەدىن تاپاي!

4

زۇلۇم، ھاقارەت، نومۇس پىچىغى،
گۆشتىن ئۆتۈپ سۆڭەككە يەتتى،
سۆڭەككە.
سۆڭەكتىنمۇ ئۆتۈپ، يىلىككە يەتتى،
يىلىككە.
تۈگىدى تاقەت،
بىتتى سەۋر،
«تارىخمۇ تىلغا كىردى،»
ھەقنى سۆزلىدى.
ھەقنى ياقلىدى.

---

① ۋ. ۋ. ماياكوۋسكى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىيۇل تېگى ئاتقاندا①،
چېلىندى تاڭ سىگنالى:

«قوزغال،
قۇللۇقنى خالىمىغانلار،
گۆش ۋە قېنىمىز بىلەن
يېڭى ئىستىھكام قۇرايلى!
جۇڭخۇا مىللەتلىرى
ئەڭ خەۋپلىك ھالدا،
ھەر كىشىنىڭ غەزەپلىرى قايناپ تاشماقتا.
قوزغال!
قوزغال!
قوزغال!
ھەممە بىر نىيەتتە
دۈشمەن ئوقىغا قارشى ئالغا،
دۈشمەن ئوقىغا قارشى ئالغا!
ئالغا!
ئالغا باس!»
بۇ ئىدى ئويغىنىش، قوزغىلىش، قۇتۇلۇش سىگنالى،
بۇ ئىدى زۇلمەتكە،
زۇلۇم ۋە كۈلپەتكە
يېقىلغان كۈرەش مەشئىلى.
بۇ سىگنال بىلەن ئارسلان تويغاندى،

① 1937 - يىلى 7 - ئىيۇلدىن باشلاپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ياپون تاجاۋۇزىغا قارشى ئازاتلىق ئۇرۇشقا ئاتلانغان. بۇ يەردە شۇ ۋەقە كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

بىر چۆچۈپ ئورنىدىن تۇردى،
قوزغالدى،
گاڭ ئىرادىلىك،
جەسۇر مەرت پالۋان بولۇپ يېتىلدى.
گۇۋاھىم تارىخ،
شاھىدىم تارىخ!

چېلىش دەۋرىنىڭ گاڭ قانتىغا
باغلاپ يېڭى ئەسىر ئىقبالىنى،
كۆنلەرگە، مىنۇتلارغا
بېغىشلاپ چېلىش كۆيلىرىنى،
چوغ ئېقىملىق كۆرەش دەرياسىدا ئۈزۈپ،
كېتىپ بارىمىز ئەمدى
يېڭى جۇڭگو گۈلىستانىغا.
قۇش ئۇچقاندا قانتى كۆيگەن
جاپالىق چۆللەرنى بويلاپ،
يېڭى كۈچ، يېڭى ئاڭ بىلەن
يىللارنى ئاتلاپ،
تاشلىدۇق قەدەم باھار بوستانىغا.

5

كېلەر ۋە كەلمەكتە بىزگە
قويىنى گۈللەرگە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بەختىيار كۆنلەرگە
لىق تولغان باھار؛
يىللار، ئەسىرلەر سولماس باھار،
توزىماس باھار،
ئۇ شۇنداق باھاركى،
شامال – بورىنى،
جۇدۇن – چاپقۇنى، تۇمانلىرى يوق،
ھايات ئەمدى ئۇندا
مەڭگۈ بولۇر توق.

ۋە لېكىن كۈرەش ئالدىمىزدا تېخى،
تىكەنلىك چۆللەرنى باسىمىز يەنە.
ئۆتىمىز تېخى قاينام دەريالاردىن،
نى داۋانلارنى ئاشىمىز يەنە.
ئاخىر يېتىمىز تىلەككە بىراق،
چۈنكى، ئۈمىت — كۈچ،
ئىستىقبال پارلاق.
ئۇتۇق بىزگە خاس، يېڭىمىز چوقۇم
يېڭى جۇڭگو گۈلىستانىغا
يېتىمىز چوقۇم!

1942 – يىل نويابىر، ئۈرۈمچى

(بەزى تۈزىتىشلەر بىلەن قىسقارتىپ بېرىلدى)

# ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك

«تۈلكە ئۆز ئىنىغا ئۈرسە، قوتۇر بولۇر

— قەدىمقى ئۇيغۇر خەلق ماقالى (مەھمۇت قەشقەرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىن)

## مۇقەددىمە

بىر زامانلار مەنمۇ سىزدەك ياش ئىدىم،
ياشلىقىم غۇرۇرىدىن بەگۋاش ئىدىم.
گاھ يۈگەنسىز شوخ ـ ئاساۋ بىر تاي كەبى،
گاھ بۇلۇتلار ئىچرە ئۈزگەن ئاي كەبى.
تەلپۈنەتتىم ھەر نەپەس مۇشتاق بولۇپ،
ئارزۇ دەرياسىغا قانماق بولۇپ.
بىر زامان تەكلىماكانغا ئىشتىياق —
قوزغىلىپ، قويدۇم ئاڭا دادىل ئاياق.
تەلىيىمگە ھەمرىيىمۇ بار ئىدى —
كى، خوتەن كارۋانلىرى تەييار ئىدى.

قالدۇرۇپ چۆللەردە ئىز ماڭدۇق ئۇزاق،
گاھى ئاتلىق، گاھ ئىشەكلىك، گاھ ياياق.
بىزگە يول باشلار ئىدى ھېچ تېنىمەي،
كۆپنى كۆرگەن، كۆپنى بىلگەن بىر بوۋاي.
ئاخشىمى سۆكسۆك قالاپ، گۈلخان يېقىپ،
سوزۇلۇپ ئارام ئېلىپ چۆلدە يېتىپ،
گاھ ھىكايەت ئاڭلىشاتتۇق، گاھ راۋاپ،
ئۇچرىسا چۆلدە كىيىك يەيتتۇق كاۋاپ...

بىر كۈنى تۇشكۈن قىلىپ قونغاندا بىز،
بەك قىزىق بىر چۆچەك ئېيتتى بوۋىمىز.
بەلكى بۇ چۆچەكنى سىزمۇ ئاڭلىغان،
ياكى مەلۇم بىر كىتاپتىن ئوقۇغان.
كونىراپ قالماس لېكىن ھەق گەپ پەقەت،
گەرچە تەكرار بولسىمۇ بىرنەچچە رەت،
چۈنكى كۆپ سۈرتكەنسېرى ئەينەكنى بىز،
شۇنچە روشەن بولغۇسى ئۆز ئەكسىمىز.
يەنە ھەر گۈلنىڭ پۇراغى ئۆزگىدۇر،
گۈلخۇمارلار دىماغى ھەم ئۆزگىدۇر.
شۇڭا، ئۇ چۆچەك مېنىڭدە كەتمىگەي،
ئاڭلىغاننى باشقىلارمۇ ئاڭلىغاي —
دەپ بۈگۈن تۈزدۈم بايانىغا قوشاق،
بولسىمۇ نۇقسانى گەرچە بىر قۇچاق.

1

بار ئىكەن تەكلىماكاندا بىر شەھەر،
بۇ شەھەرنى دەر ئىكەن شەھرى قەمەر،
تا قەدىم «يىپەك يولى» دا كۈن ۋە تۈن
شەرق بىلەن مەغرىپ ئارا بولغاچ تۈگۈن،
پۇر كېتىپ داڭقى جاھانغا دەمۇ - دەم،
بوپتۇ ئەلنىڭ نەزىرىدە بەك مۇھتەرەم.
ھەيۋىتى ھەم قەسرىدەك كاشانىسى
شۇ زامان بازارىنىڭ يىگانىسى.
كوچىلارغا سايىۋەن چىنارلىرى،
بويلىشىپ بۇلۇت بىلەن مۇنارلىرى،
چېلىنار كۈن ئالدىدا بوم قوڭغۇراق،
نارقىلار ئارچا ئىسىدىن خۇشپۇراق.

چۆرىسى خۇددى ئۈزۈمنىڭ باغى ئەرەم،
باغ ئارا رەيھان پۇرايدۇ سۈبھى دەم.
تاغلىرىدا قاشتېشى ھەم كەھرىۋا،
سۈپ - سۈزۈك مەرمەر بىلەن ياقۇت تولا.
سۇلىرى ئاندىن شىپالىق، جىلۋىگەر،
زەر چاچار ھەر مەۋجىدە شامۇ سەھەر.
ئۇتلىشار بوغا - مارال پادا - پادا،
قۇشلىرى پەرۋاز قىلار كەڭ دالىدا.

خەلقى كۆپ مەشھۇر ئىكەن ھۈنەر بىلەن،
قىز - جۇۋانلار بەسلىشەر ئەرلەر بىلەن.
شاھى - ئەتلەس، زىلچىسىدىن دەممۇ - دەم
رەشك بىلەن ھەيران ئىكەن ھىندۇ، ئەجەم①،
شاھمۇ ئۆز تەختىدە مەسرۇر ئىكەن.
ئامىتى، ئىقبالىدىن مەغرۇر ئىكەن.
ئۆزىمۇ تاۋغاچقا② تەۋە شاھ ئىكەن،
بولسا تاۋغاچ بىر دەرەخ، ئۇ شاخ ئىكەن.
ھەممىدىن تاۋغاچ خانىغا كۆيۈگۈل —
بولغىنىچۈن، سۇ ئىچىپ ئاندىن كۆڭۈل،
ئۆتكۈزەركەن ئۆمرىنى بىدەرت - بىغەم،
لىك③ تولا قىينايدىكەن بىرلا ئەلەم.

---

① ھىندۇ، ئەجەم — ھىندىستان ۋە ئىران.

② تاۋغاچ — مەھمۇت قەشقەرىنىڭ تەبىرىچە: (1) ئۇيغۇر دىمەكتۇر؛ (2) ھەممىدىن چوڭ ۋە قەدىم نەرسە دىمەكتۇر. شۇنىڭدىن ئېلىنىپ، خانلارنىڭ خانى «تاۋغاچ خان» دېيىلىدۇ؛ (3) ماچىن مەملىكىتىنىڭ نامى، بۇ مەملىكەت چىندىن 4 ئايلىق يول ئۇزاقتا جايلاشقان. («دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك» فوتو نۇسخە، 116 —، 117 - بەتلەر). «قۇتادغۇبىلىك» تە قارا خانلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمدارى «تاۋغاچ بۇغراخان» دەپ ئاتالغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ كىتابنى شۇ خانغا تەقدىم قىلغان. مەسىلەن:

«مەلىكنىڭ ئۇگىدە ئۇقمىش مۇنى،
بۇ تاۋغاچ قارا بۇغرا خانلار خانى.»

⑧ لىك — لېكىن.

چۈنكى بىر ئوغۇل يۈزىن كۆرمەي ھۇنۇز،
باشلىنىپ قاپتۇ ئۆمۈر باغىدا كۈز.
ئاھ چېكىپ، ھەسرەت چېكىپ، ئەپغان بىلەن،
ئۆزىتىپ يىللارنى شۇ ئارمان بىلەن،
ئاخىرى يالغۇز قىزىنى پادىشا —
تەختىنىڭ ۋارىسى دەپ قىپتۇ جاكا.

شاھ قىزى ھۆسنى - جامالدا ھۆر ئىكەن،
بەلكى كۆپ ئەللەر ئارا مەشھۇر ئىكەن.
بىر كۆرۈپ قالغان كىشى بوپتۇ ئادا،
ئىككى كۆرسە قىلغۇسى جاننى پىدا.
كۈن بىلەن ئاي تەڭلا چىققاندەك شۇدەم،
ھۆسنىگە ئەمدى قوشۇلغاچ تاجى ھەم،
بىر - بىرىدىن قىزغىنىپ بەگزادىلەر،
ئەڭ يىراق ئەللەردىكى شاھزادىلەر —
ئەلچىسى بىرلە تولۇپ كەتكەن شەھەر،
پادىشاغا ھەم يېتىپتۇ بۇ خەۋەر.
قارىسا بىر - بىرىدىن ئالى مۇقام،
ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق گەپنى تامام؟
ئاخىرى قىزغا بېرىپ ئەركىنلىك شاھ.
قىپتۇ خىلۋەتخانىنى باشقا پاناھ.
رازىلىق بىلدۈرمىگەچكە قىز بىراق،
تارقىلىپتۇ بەزى بەگلەر ھەر قاياق.
بەزىلەر ئاڭلاپ بۇ قىز جاۋاۋىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باشلىشىپتۇ ئۈچ - ئاداۋەت بابىنى.
بەزىلەر ئۈزمەي ئۈممەت قىپتۇ داۋام،
شاھ قىزىغا ھەر كۈنى يوللاپ سالام.
شۇ يوسۇن بىرنەچچە ۋاق ئۆتكەن ئىمىش،
ئاقىۋەتتە يۈز بېرىپتۇ غەيرى ئىش.

2

شۇ شەھەرنىڭ چېتىدە بىر تۇل ئايال —
كۈن كۆرەركەن ئوغلى بىرلە قەدرى ھال.
ئوغلى بىر پالۋان يىگىت بوپتۇ ئۆسۈپ،
ئەل ئىچىدە ئاتىسىغا ئىز بېسىپ.
گايىدا يەر باغرىنى تىلغايدىكەن،
گايىدا چۆلدە كىيىك ئوۋلايدىكەن.
بىر كۈنى قاچقان كىيىككە دۇچكېلىپ،
يىقىتىپ تۇرغان ئىكەن ئوق - يا ئېتىپ،
دەل شۇ چاغدا چۆل تەرەپتىن بىر پەرى،
بىر پەرىكىم، بارچە گۈللەر دىلبىرى،
قولدا ئوق - يا، بەلدە خەنجەر پارقىراق،
ئاستىدا چىلانتورۇق شوخ ئارغىماق،
قوغلىشىپ كەپتۇ كىيىكنى بىتۇيۇق،
بۇ يىگىتنىڭ ئاتقىنىدىن خەۋىرى يوق،
ئۇ پەرى بىلگەچ كېلىپ ئىشنىڭ سىرىــن،
ئاتقۇچىغا دەپتۇ دەرھال ئاچىرىن.

ئۇ يىگىت، ئاتلىق پەرىگە بىر قاراپ،
تىكىرقاپ قاپتۇ گوياكى كۆز قاماپ.
«نىمە بۇ، ئادەممۇ ياكى ئۈزگە سىر؟
ياكى كۈندۈز ئۇچرىغان شىۋىقەدىر؟
ئادىمى بولسا ئەگەرچە، ئېھتىمال،
شاھ قىزىدۇر» دەپ يىگىت قىپتۇ خىيال.
شۇ مەھەلدە ئارقىسىدىن ئات قويۇپ،
بىپايان چۆللەر ئارا چاڭ تۇزدۇرۇپ،
يېتىشىپ كەپتۇ يەنە بىر توپ پەرى،
خۇددى باغنىڭ گۈللىرىكەن ھەر بىرى.
ھەممىسى ئاتتىن چۈشۈپ ئىزام بىلەن،
شاھ قىزىغا باش ئېگىپ ئىكرام بىلەن،
قوشتۇرۇپ قول تۇرغۇدەك قاتار - قاتار،
بويلىرى گويا يېڭى ئۈسكەن چىنار.
دەل شۇ چاغ ئۆلگەن كىيىكنىڭ جۆرىسى —
كۆرۈنۈپ قاپتۇ يىراقتىن قارىسى.
شاھ قىزى ھەم كېنىزەكلەر شادىمان
ئات قويۇپتۇ تۇشمۇ - تۇشتىن شۇ تامان.

ئەلقىسسە، شۇ بايىقى مەرگەن يىگىت،
ئەمدىلەتىن ھۇشىغا كەلگەن يىگىت
باشقىچە ھالغا چۈشۈپتۇ ناگىھان،
خۇددى ئەمدى قالمىغاندەك تەندە جان.
بىر تۇرۇپ ئاھ دەيدىكەن مىڭ تولغىنىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىر تۇرۇپ پاھ دەيدىكەن باغرى كۆيۈپ،
ئۆزىمۇ بىلمەيدىكەن نىم بولغىنىن،
نىمە دەرت، نىمە بالاغا قالغىنىن.
بىرلا دەرت قىينايدىكەن بارغانسىرى،
شاھ قىزىنىڭ سۈرىتى كەتمەي نېرى.
ئۆرۈلۈپمۇ شۇ خىيال، شۇ ۋەسۋەسە،
چۆرۈلۈپمۇ شۇ خىيال، شۇ تەلۋەسە.
شۇ ئىكەن جاننى قىسىپ ئىسكەنجىدەك
ھەم غىدىقلاپ قىينىغان تىلسىز تىلەك.
قىسقىسى مەرگەن يىگىت شۇندىن بۇيان —
مۇپتىلالىق ئوقىغا بوپتۇ نىشان،
نە شىكار، ئېتىز ئىشى، نە كالىسى
يادىغا كەلمەيدىكەن نە ئانىسى.
كۈن بويى ئاھ دەپ يۈرۈپ، ۋاھ دەپ يۈرۈپ،
تۈن بويى پەريات بىلەن پاھ دەپ يۈرۈپ،
سارغىيىپ چىرايىمۇ بوپتۇ سامان،
راست ئەمەسمۇ «ھەممىدىن كۆيۈك يامان».

## 3

نە تىۋىپ، نە پىرىخون، نە بىر دۇئا —
بولمىغاچ بۇ غەلىتە دەرتكە داۋا،
ئانىسى مىڭ يالۋۇرۇپ، مىگىبىر سوراپ،

ئۆلمەك بوپتۇ ئوغۇلدىن بىر جاۋاپ،
ئاخىرى يىغلاپ ئوغۇلمۇ زارۇ - زار،
قىپتۇ سىرنى ئانىسىغا ئاشكار.

ئانىسى كۆز ياش تۆكۈپ تارام - تارام،
دەپتۇ: «جان باغرىم، جىگەر پارەم بالام،
شۇنچە دەرتكە قالغىنىڭغا مەن سەۋەپ،
چۈنكى سەندىن سورىمىدىم ھالىڭ نە دەپ.
نە قىلايكى، تۇل خوتۇن بىچارىمەن،
كاچ پەلەك رەپتارىدىن ئاۋارىمەن.
ھەر يىلى بەك قىسقا كەلدى قولىمىز،
ھېچ ئېچىلماي ياخشى ئىشقا يولىمىز.
گەر ھايات بولسا داداڭ ئۇ رەھمىتى
(چوڭ ئىدى ھەر ئىشتا ھىممەت غەيرىتى).
ھالىمىز بولماس ئىدى مۇنچە يامان،
ھەم سېنى ئۆيلەر ئىدۇق ئاللىقاچان.
ھىلىمۇ بولساق ئامان، بۇ كۆز چوقۇم،
سادىغاڭ بولسۇن بالام بارۇ - يوقۇم.
شەھرىمىزدە قىز تولا گۈل غۇنچىدەك،
تېگى - تەكتى پاكىزە ھەم ئۈنچىدەك.
ئەتىلا ئۈمىت بىلەن ئۆيدىن چىقاي،
تەلىيىڭنى بىر سىناپ كۆرۈپ باقاي.
شاھ قىزىنى ئويلىما ئوغلۇم لېكىن،
ئاينى ئالماقتىنمۇ بۇ بىزگە قىيىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەر كىشىنىڭ ئۆز خىلى، ئۆز جۆرى بار،
كونا تۆگمەن چىغىدا ئۆز نۇرى بار.
شاھ قىزى بولماس ساڭا ھەرگىز قاياش،
تاڭسىمۇ تۇرماس ياغاچقا چۈنكى تاش.»

شۇ يوسۇن قىلسا نەسىھەتلەر ئانا،
ھىچ پىسەنت بولماپتۇمىش لېكىن ئاڭا.
ئەكسىچە، ئەزۋەلىشىپ بارغانسېرى،
يەر قۇچاقلاپ، باش كۆتەرمەي، ئاخىرى —
دەپتىكى: «گەر شاھ قىزى بولماس نېسىپ،
ئۆشبۇ دەرتتە ئۆلسەم ئەمدى نە ئەجىپ،
ياخشىسى مەندىن رىزا بولغىن ئانا،
قىسمىتىم شۇ بولسا ئەمدى، ئەلۋىدا!»

ئاقىۋەت بىچارە مەزلۇم باغرى خۇن،
شۇ نادان، تەرسا ئوغۇلنىڭ كۆڭلىچۈن،
تا ئۆلۈمگە ھەم تەۋەككۇل ئەيلىبان،
ئوردىغا دادىل قەدەم بوپتۇ راۋان.

## 4

ئەلقىسسە، ئۈچ كۈن ئۇدا ئوردا ئالدىنى —
سۈپۈرۈپ قىلغاندا ئىزھار دادىنى.

شاھقا يەتكەچ بۇ خەۋەر، قىپتۇ قوبۇل،
بولسىمۇ بۇ ئەلچىدىن كۆڭلى مەلۇل.
مەيلى دەپ ئۇ شاھمۇ بۇزماي ۋەدىسىنى،
چىللىتىپتۇ ئالدىغا مەلىكىسىنى.

شاھ قىزى ھەيران بولۇپ قىپتۇ سوئال:
«كىم تەرەپتىن كەلدىڭىز، بۇ نىمە ھال؟»
شۇندا ئۇ بىچارە مەزلۇم ناتاۋان،
شاھ قىزىغا ھەممىنى قىپتۇ بايان.
شاھ قىزى مەرگەن يىگىتنى ئەسلىگەچ،
قەھقەھە بىرلە كۈلۈپ مەسخىرلىگەچ.
دەپتىكىم: شۇ ئوغلىڭىز كەلسۇن كۆرەي،
ھەم جاۋاپنى ئۆزىگە روشەن بېرەي.

ئوردىدىن قايتقاچ ئانا مىڭ غەم بىلەن،
نەملىشىپ كىرپىكلىرى شەبنەم بىلەن.
شاھ قىزىنىڭ گەپلىرىن قىپتۇ بايان،
ھەم ھاقارەت قىلغىنىن تۇتماي نىھان.
شۇندىمۇ گەپكە پىسەنت قىلماي يىگىت،
ئانىنىڭ كۆز يېشىغا باقماي، ئىسىت،
خۇددى مەس پىلدەك چىقىپ ئۆيدىن گاراڭ،
ئوردىغا ئۈمىت بىلەن بوپتۇ راۋان...

شاھ قىزى كۆرگەچ يىگىتنىڭ ھالىنى،
ھېچ تاپالماي قايتۇرۇش ئامالىنى.

ئويلىنىپ بىردەم، ئاڭا دەپتۇ كېيىن:
«تويلۇغۇمغا كۆچىڭىز يەتمەسمىكىن؟»
«قېنى، — دەپتۇ ئۇ يىگىت، — ئاڭلاپ كۆرەي،
گەر كېرەك بولسا بۇ جاننى ھەم بېرەي.»
«ياخشى، — دەپتۇ ئۇ قىز، — سىز سورىماڭ،
مەنمۇ ئېيتماي، جېنىڭىزنى قىينىماڭ.

سىز ئەمەس، مەن - مەن دىگەن بەگ چېغىدا،
ئاڭلىسا، قالغاي پۇشايمان دېغىدا.»
«مەيلى، — دەپتۇ ئۇ يەنە، — ئاڭلاپ كۆرەي،
نىمە بولسا ھەم ئۆزەمنىڭ شورى دەي.»
شاھ قىزى دەپتۇ ئاخىر: «ئۆز مەيلىڭىز،
خۇن تۆلەشكە بولسا شۇنچە رەيىڭىز.
ئانىڭىزنى ئۆلتۈرۈپ ھازىر غىنا،
يۈرىگىنى ئەپكېلىڭ ئىسسىققىنا.
تويلۇغۇم شۇلدۇر مېنىڭ، بۇ سۆز تامام،
پائىلاتۇن، پائىلاتۇن، ۋەسسالام!»

5

ئوردىدىن قايتقاچ ئوغۇل ھالى خاراپ،
«نىمە گەپ؟!» دەپتۇ ئانا ئەھۋال سوراپ.
ئوغلى دەپتۇ: جان ئانا، كۆپ قىينىماڭ،

تويلۇغى ئېغىر ئىكەن، گەپ سورىماڭ.
«قىينى ئېيت، ئاڭلاپ باقاي، — دەپتۇ ئانا،
مۈشكۈلۈڭنى ھەل قىلار قادىر خۇدا.»

شۇندا ئۇ تەرسا يىگىت كۆپ ئويلىماي،
ھەممىنى ئېيتقان ئىمىش گەپ ئايىماي...
«جان بالام غەم يىمىگىن، — دەپتۇ ئانا، —
سەن ئۈچۈن ھەممە نىمەم تەييار مانا.
گەر مۇرادىڭ مەن بىلەن ھەل بولسا، تا —
بۇ مېنىڭ ئىسسىق جېنىم بولسۇن پىدا.
بىر ئەمەس، مىڭ بىر يۈرەك بولسا بېرەي،
ئال بالام، تەسەددۇغۇڭ مەن بولاي!»

شۇندا بارچە يەر - جاھان، بارچە ھايات،
تاكى ئۇ چەكسىز سامادا كائىنات،
نىم قىلاركىن بۇ يىگىت ئەمدى دېيان،
كۈتكىنىدە ئاقىۋەتنى، ناگىھان.
ئەقلىدىن ئازغان يىگىت قولدا پىچاق —
ئانىنىڭ ئالدىغا تېز كەپتۇ ... بىراق،
شۇ زامان بوران چىقىپ، يەر سىلكىنىپ،
كۆكتە گۈلدۈر ھەمدە چاقماق چېقىلىپ،
ياغىسىمۇ دەھشەتتە يامغۇر كەينىدىن،
شۇندا ھەم يانماي ئۇ قاتىل پەيلىدىن،
ئاخىرى قانلىق يۈرەكنى سۇغۇرۇپ،
ئوردىغا ئوقتەك ئۇچۇپتۇ يۈگۈرۈپ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دۇم چۈشۈپتۇ پۈتلىشىپ يولدا بىراق
ھەم يۈرەك ئىرغىپ چۈشۈپتۇ نېرىراق.
شۇندا چوغدەك قىزىرىپ ھەم نۇر چېچىپ،
پارقىراپ تۇرغان يۈرەك ئېغىز ئېچىپ،
دەپتۇ: «جان باغرىم، جېنىم، ئالتۇن قوزام،
بىر يېرىڭ ئاغرىدىمۇ جېنىم بالام؟»
بۇ يۈرەكتىن ئۇرغۇغان ئۈشبۇ سادا —
دىن شۇئان تەسىرلىنىپ ھەتتا خۇدا،
ئانىلىق مېھرى ئۈچۈن رەھمەت قىلىپ،
شۇم ئەجەلنىڭ نۆۋىتىن ھەم رەت قىلىپ،
ئورنىغا سالغاچ يۈرەكنى قايتىدىن،
ئانا ھەم دەرھال تۇرۇپتۇ جايىدىن.
يوق ئىمىش ئوغلى قېشىدا قارىسا،
ھېچ كىشى بىلمەس ئىمىش ھەم سورىسا.
شۇڭا كۆپ ئىزلەپ ئۇنى سەرسان بولۇپ،
شۇ جۇدالىق دەردىدە ۋەيران بولۇپ،
ئاخىرى ھالدىن كېتىپ قالغان كېزى،
باشقا ئىش باشلاپتۇ ئاسمان گۈمبىزى.

6

بايىقى قاتىل چۈچۈپ ھەق قەھرىدىن،
باشقا بىر ئەلگە كېتىپتۇ شەھرىدىن.

ئۇندىمۇ بىر پادىشالىق بار ئىكەن،
ئەل ئۇنى تاغلار دىيارى ① دەيدىكەن.
ئۇ شۇ يۇرتتا بىر مۇساپىر ھالىدا،
كۈن كۆرۈپتۇ نەچچە كۈنلەر خالىدا.
بىر كۈنى مىرشاپ تىپىپ ئۇندىن خەۋەر،
تۇتقىلى نەۋكەر بىلەن كەپتۇ سەھەر.
شۇندا ئۇ بىرنەچچىسىنى تاش بىلەن،
بەزىسىنى مۇشت ۋە پەشۋا، باش بىلەن
يىقىتىپ، قىلغاچ تامام زىرۇ - زەۋەر،
پادىشاغا ھەم يېتىپتۇ بۇ خەۋەر.

بۇ شەھەرنىڭ پادىشاسى ھەم نوقۇل،
ھىلىقى مەلىكىگە باغلاپ كۆڭۈل،
ھەر قېتىم يانغاچ جاۋاپسىز ئەلچىلەر،
ئۇخلىماي ھەتتا ئۇ ئەمدى كېچىلەر،
گاھى پۇل، گاھى زۇلۇم قىلماق بىلەن
بەنت ئىكەن بىر چوڭ قوشۇن يىغماق بىلەن.
بايىقى تەرسا يىگىت پالۋانلىقى
خۇددى شۇ كۈنلەرگە دەل كەلگەن چېغى؛
شۇ سەۋەپتىن پادىشامۇ شۇ كۈنى
«بىر كۆرەي» دەپ، تۇتقۇزۇپ كەپتۇ ئۇنى،
قارىسا، بەستى يوغان بولغان بىلەن،

① تاغلار دىيارى — قەدىمقى تۈبۈت ياكى تىبەت مەملىكىتى.

www.uyghurkitap.com

گەپ ـ سۆزىدىن تولىمۇ نادان ئىكەن.
شۇندىقى لازىم ئىدى دەپ خوش بولۇپ،
كۆڭلىگە پۈككەن ئۈمىدى قوش بولۇپ.
دەپتىكىم: «قىلساڭ ئەگەر خىزمەت ماڭا،
كۆلگۈسى دۆلەت گۈلى جەزمەن ساڭا.
چۈنكى ئۇ شەھەرى قەمەر قىلدى نىزا،
بەرمىگىم لازىم بولۇپ قالدى جازا.
شۇندا مەن دارغا ئېسىپ پاشاسىنى،
يەتكۈزەي مەلىكىگە جەزمەن سېنى.
شەرت شۇكى، پالۋانلىغىڭنى ئايىما،
ئۆز دىيارىم دەپ ئاڭا يۈز قارىما!»

شۇندا ئۇ ئەقلى بۇزۇق ئازغىن نادان،
نە نادانكىم، لەنىتى تۈز كور قاۋان،
باغلىبان دۈشمەنگە خىزمەت كەمىرىن،
نەچچە ۋاخ تەلىم ئېلىپ جەڭ ھۈنىرىن،
بىر كۈنى باشلاپتۇ ياۋ لەشكىرىنى،
قانغا غەرق قىلماق ئۈچۈن ئۆز شەھرىنى.

ياۋ تەرەپ پاشاسىمۇ دەل شۇ كۈنى
قىچقىرىپ خاس مەھرىمىدىن بىرسىنى.
دەپتىكى: «بىزگە زەپەر كۈلگەن ھامان،
قويما بۇ ئەبلەخنى ھەرگىز تىنچ ـ ئامان.
ئارقىسىدىن ئوق ئېتىپ جايلا ئۇنى،

تۈيمىسۇن ھەم چىقمىسۇن ھەرگىز ئۈنى.
چۈنكى ئۇ ئۆز ئىلىگە سالدى جاپا،
ئەمدى قانداق كۈتكۈلۈك ئۇندىن ۋاپا؟»

ئەلقىسسە، ئۇ ياۋنى باشلاپ كىرگەن شۇ كۈن،
قوزغىلىپ چۆللەر ئارا دەھشەت قويۇن.
سىلكىنىپ يەرۇ - زىمىن، تىترەپتۇ تاغ،
دومىلاپ تاشلار چۈشەرمىش ھەر قاياق.
ئۇرۇلۇپ قىرغاققا دەريا تاشقۇدەك،
ۋادىدا جەرەن - كىيىكلەر قاچقۇدەك.
ئۈركۈشۈپ بارچە ئۇچار قۇشلارمۇ تەڭ،
تىچ ياتالماي قاپتۇ ھەتتا شەپىرەڭ.
شۇندا بىر بۆرە ئىگىز دۆڭدە تۇرۇپ،
دەر ئىمىش ھۇلاپ ئاڭا لەنەت ئوقۇپ:

«ئەي رەزىل ئەبلەخ، سىنىڭ ھالىڭغا ۋاي،
ئادىمىدىن سەندىكى ھىچ چىقمىغاي.
مەن چىغىمدا ئوگكۈرۈم - ئىنىم سايان،
باشلىمايمەن دۈشمىنىمنى ھىچقاچان.
گەرچە قان ئىچمەي تاپالماسمەن ئارام،
ئۆز قېرىنداشىم قىنى مۇتلەق ھارام.
شۇمىدى سەندە ئادەملىك خىسلىتى؟
ياغسۇن ئەمدى مەڭگۈ ھەقنىڭ لەنىتى!»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 7

شۇ يوسۇن تا يەتكىچە ياۋدىن خەتەر،
ئۇيغۇر ئىچرە غەرق ئىكەن شەھرى قەمەر.
سەلتەنەت تەختىدە شاھ غەپلەت بىلەن،
مەس ئىكەن ھەر كۈنلۈگى ئىشرەت بىلەن.
بولىسىمۇ مەلۇم قوشۇن ـ لەشكەرلىرى،
بولمىغانكەن ئېھتىيات تەدبىرلىرى.
چۈنكى نە ھاجەت ئۇرۇش دەپ ئويلىغان،
باشقىلارنى ھەم ئۆزىدەك چاغلىغان.
دەل شۇ چاغدا ياندۇرۇپ دەھشەت ئالاۋ
باستۇرۇپ كىرگەچكە ئەلگە ۋەھشى ياۋ.
ئاندا يانغىن، مۇندا قىرغىن ـ قەتلىئام
ھەم تالان ـ تاراج بىلەن خامان تامام.
ياۋ كىيزەر پىتىراپ گويا چېكەتكىدەك،
يەر ـ جاھاننى توزىتىپ يەپ كەتكۈدەك.
قارشىلىق كۆرسەتسىمۇ يۇرت ئەرلىرى،
كۆپ ئىكەن ھەم زور ئىكەن ياۋ لەشكىرى.
ئاخىرى شەھىرى قەمەر بوپتۇ قامال،
ھەم قامالدىن يوق ئىكەن ئۆزگە ئامال.
گەرچە خانغا كەتسىمۇ دەرھال چاپار،
يول يىراق، تاغلار ئىگىز، قاچان بارار؟

بەختىگە قۇرغان تىمى بەكمۇ ئىگىز،
تاش بىلەن پۇختا سىلىنغان دەخلىسىز.
ياۋ كىرەلمەي قاپتۇ سىرتتا خىلى كۈن،
تۇمشۇغى تاققا تېگىپ، هالى زابۇن.
قىلسىمۇ ياۋ كۆپ هۇجۇم دەهشەت بىلەن،
قايتۇرار قورغان ئۇنى شىددەت بىلەن.
چۈنكى ئەمدى ئۇيغىنىپ شەهىرى قەمەر،
ياش - قېرى، ئەرۇ - ئايال باغلاپ كەمەر،
قوغدىماققا يۇرتىنى يادلاپ قەسەم،
هەممىسى قويغان ئىدى دادىل قەدەم.

قىلسىمۇ شۇنچە جاسارەتلەر، بىراق،
تەس ئىدى ياۋنى بوسۇقتىن قوغلىماق.
چۈنكى ياۋنىڭ سېپىدە بىر پەهلىۋان —
بار ئىدىكى، خۇددى بىر غالجىر قاۋان.
هېچ كىشى بەرداش بېرەلمەي زەربىگە،
«خەپ سېنى» دەپ ئاستا قايتار كەينىگە.
قانچىلارنى شۇ قاۋان قىلغاچ هالاك،
ئەهلى قورغان ياقىسى كۆپ بولدى چاك.
ئۇ ئىدى شۇ بايىقى ئازغىن نادان،
ئۇ نادانىكىم، بايىقى خائىن يۇهان ①.

① يۇهان (يەهۇدا) — ئىنجىل رىۋايەتلىرىگە قارىغاندا، ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ 12 مۇرتىنىڭ بىرى بولۇپ، ئاخىرى ئەيساغا خائىنلىق قىلغان ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن خائىنلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى سۈپىتىدە تونۇلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خەلق ئۇنى دەرھال تونالماي نەچچە كۈن،
شۇ يوسۇن ئۇ ئەلگە سەپتۇ قارىكۈن.
ئاخىرىدا بەزىلەر يەتكەچ تونۇپ،
قاغىشىپتۇ تۇشمۇ - تۇش لەنەت ئوقۇپ.
بەزىلەر «ئەمەستۇ» دەپ تالاشقۇدەك،
بەزىلەر ئانىغا يات قاراشقۇدەك.

## 8

بىر كۈنى قورغان بېشىدا بەنت ئانا،
جەڭ ئىشىغا جان بىلەن پەيۋەنت ئانا،
بىر قاراپ مەيدان ئارا ھاڭ - تاڭ بولۇپ،
ھېچ ئىشەنمەي كۆزىگە ھەيران بولۇپ،
تووۋا دەپ تۇتۇپ ياقا غەزەپ بىلەن
ئاھ ئۇرۇپتۇ مىسلى يوق بىر دەرت بىلەن:
«ۋاي ئىست، نىم دەپ سېنى تۇغقاندىمەن!؟
نىمە دەپ ئاق سۈت بېرىپ باققاندىمەن!؟
شۇمىدى سەندىن يېتەر ئەلگە ۋاپا؟
بالىمەس، بولدۇڭغۇ يۇرتقا بىر بالا!»
دەپتۇ - دە، ئوتتەك يېنىپ غەمكىن كۆزى،
تاشقىرى چىققان ئىمىش تەنھا ئۆزى.

قولىدا تىغ، ئات ئۇيىنىتىپ تۇرغان قاۋان
تونۇغاچ ھەم ئانىنى كۆرگەن ھامان،

ئېتىدىن دەرھال چۈشۈپ، رەڭگى ئۆچۈپ،
يۈگۈرۈپتۇ ئالدىغا ئوقتەك ئۇچۇپ.
كەپتۇ ـ دە، قۇچاق ئېچىپتۇ ئانىغا،
تاش كەبى قاتقان ئىكەن لېكىن ئانا.
ئانىنىڭ ئۆتكۈر نىگاھى نەيزىدەك ــ
سانچىلىپ تۇرغاچقا كۆزگە يەكمۇ ـ يەك،
تىزلىنىپتۇ ئاخىرى ئۇ شۇم قاۋان
تىترە ـ تىترە بار ۋۇجۇدى، باش تۆۋەن.
شۇ مىنۇت جىم بوپتۇ بارچە يەر ـ جاھان،
نە جاھان، جىم بوپتۇ ھەتتا ئاسمان.
مۇندا قورغان ئەھلى جىم ھەيرەت بىلەن،
ئاندا دۈشمەن تىترىشەر دەھشەت بىلەن.
شۇ سۈكۈنات ئىچرە ئۇ قەيسەر ئانا
بۇرچىنى نومۇس بىلەن ئەيلەپ ئادا،
تىغ ئۇرۇپتۇ ياۋغا قايناپ نەپرىتى،
دۇم چۈشۈپتۇ شۇ زامان ئۇ لەنىتى.
كۆز يۇمۇپ ئاچقۇنچە ئىش بوپتۇ تامام،
ياش تۆكۈپتۇ ئانا ھەم تارام ـ تارام.
نە ئۈچۈن ياش تۆككىنىن بىلمەس ئىكەن،
كۆز يېشىنى ئۆزىمۇ سەزمەس ئىكەن.
بىر چېكىش تۈيغۇ بىلەن بەھۇش كەبى
يادىغا ھېچنەرسىمۇ كەلمەس ئىكەن.

دەل شۇ چاغ ۋولقان كەبى پارتلاپ شەھەر
ئېتىلىپتۇ ياۋغا قارشى سەرمۇ ـ سەر.
ئانىمۇ شەمشەر بىلەن جەڭگە كىرىپ،
ئەل بىلەن ئالغا مېڭىپتۇ سەپ يېرىپ.
يىتىرىشىپ ياۋ ھەرقاياققا ئۇرۇنار،
خۇددى بىر باشسىز يىلاندەك تولغۇنار.
باستۇرۇپ قوغلار ئۇنى تاشقىن قىيان،
ياۋ قاچار يىتىراپ پەرىشان ھەر تامان.

## خاتىمە

سۆز تامام بولدى مانا، چۆچەك تامام،
ئەمدى نە ھاجەت ئىزاھات، ۋەسسالام.
ھەر كىشى قىلسا تەپەككۇرنى ھەۋەس،
بۇ جاھاندا ھېچنەمەرسە سىر ئەمەس.
جان نىمە، جانان نىمە، ۋەتەن نىمە؟
ھەر كىشىنى ئادىمى ئەتكەن نىمە؟
يانىسا كۆڭۈل ئۆيىدە بىر چىراق،
گۆش ـ تېرە، سۆڭەك بىلەن بۇ تەن نىمە؟
شول ئېرۇر بۇ چۆچەكنىڭ خاتىمى،
مەنىسىگە يەتسە گەر ھەر ئادىمى.

1979 ـ يىل ئاپرېل، ئۈرۈمچى

# گۈل ۋە ئازغان

(باللادا)*

«ھەر كىم ئۆز تەقدىرىنىڭ تۆمۈرچىسى.»
— رۇس خەلق ماقالى

گۈل ۋە ئازغان دەپ يېڭى ماۋزۇ بىلەن،
تاڭ يۈزىدەك سۈپ - سۈزۈك ئارزۇ بىلەن.
بىر ھىكايەت ئۈزرە مەن چەكتىم قەلەم،
ياش بۇغۇنلار ئوقۇغاي دەپ ئۇشبۇدەم.

## 1

بار ئىكەنمىش قوشكېزەك ئاچا - سىڭىل،
بىر - بىرىدىن ئۈز، گۈزەل ھەم ئاق كۆڭۈل.
بويلىرىمۇ قىرقىغاندەك تەڭ ئىكەن،
مەڭزىلىرىدە بىردىن ئوخشاش مەڭ ئىكەن.
قىلچە پەرق قىلمايدىكەن ئۈن - تاۋۇشى،

* باللادا — شېئىر بىلەن يېزىلغان كىچىك قىسسە، مەنزۇمە.

www.uyghurkitap.com

ئاگىلماققا ئىككىسى بىرلا كىشى.
خۇلق ـ مىجەزى ھەم تامام بىردەك ئىكەن،
دائىما خۇش خۇي چىراي، گۈلدەك ئىكەن.
ئىش ـ ھۈنەردە قوللىرىدىن گۈل ئۈنەر،
يات ئەمەسكەن ھەر بىرىگە ئۇن ھۈنەر.
تاغنى تالقان قىلىشمۇ سۈرەنى يوق،
ھېچ يېرىدە بىر قۇسۇر ـ ئۇيەنى يوق.
ماڭسا ـ تۇرسا يوق ئىكەن ئارتۇق سۆزى،
خۇددى چوڭقۇر، تېچ ئاقار سۇنىڭ ئۆزى.
دەيدىكەن ئەل ـ يۇرت شوڭا ماختاپ ھامان،
«يۇرتىمىزنىڭ گۈللىرى بۇ ئىككى خان.»

## 2

كۈن ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ، يىللار ئۆتۈپ،
قوشكېزەكلەر تەڭمۇ ـ تەڭ بويىغا يېتىپ،
گۈل جامالى ئاي كەبى تولغانسېرى،
ھەر تەرەپتىن كۆيۈنۈپ خۇشتارلىرى،
ئەلچىلەر تازىم بىلەن باشلاپتۇ گەپ،
ھەر بىرى لايىق ئۈچۈن ئەيلەپ تەلەپ.
ئاخىرى رازى بولۇپ ئاتا ـ ئانا،
قوشكېزەككە تەڭ بېرىپ خەيرى دۇئا.
بىرلا كۈندە باشلىنىپ توي مەركىسىن،
چالدۇرۇپتۇ شادىيانە ناغرىسىن.

## 3

راست قىزىپ تۇرغاندا توي تەنتەنىسى،
ئەۋجىگە چىققاندا ھەم ئەلنەغمىسى.
بىر قارا بوران كېلىپ شىددەت بىلەن،
ياغدۇرۇپ توپا - توزاڭ دەھشەت بىلەن.
ئاستىن - ئۈستۈن بوپتۇ ھەممە شۇ زامان،
ئۆرۈلۈپ چۈشكەن كەبى كۆك ئاسمان.
ھەم شۇ چاغ بىر يالماۋۇز پەيدا بولۇپ،
يەتتە باشتا يەتتە كۆز قانغا تولۇپ.
دەپتۇ: «ئەي خەق، سەن بۇنى ئاڭلاپ قويۇش،
ئۇقمىغان بولساڭ بۈگۈن ئۇقۇپ قويۇش!
بۇ زىمىن ئەسلى ماڭا ئاتا مىراس،
بۇندا بولغان ھەممە نەرسە ماڭا خاس!
يەر مېنىڭ ھەم سۇ مېنىڭ، تاغمۇ مېنىڭ،
چۆل - باياۋان، دەشت بىلەن باغمۇ مېنىڭ.
ئەرلىرىڭ قۇل، قىزلىرىڭ دىدەك ماڭا،
قوشكېزەكلەر ھەم بۈگۈن كېرەك ماڭا.
كىم بۇڭا «ياق» دەيدىكەن ھالىغا ۋاي،
يەر بىلەن يەكسەن قىلۇرمەن ئايىماي.
تاكى بۇ يۇرت ھەم خاراپ بولغاي تامام،
ھەممە جاننى قىلغۇسىمەن قەتلىئام!»

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

4

ئاڭلىغاچ بۇ شۇم ىىدانى ئالپان —
نىم قىلىشنى بىلمەيىن قاپتۇ بىرئان.
شۇندا يۇرتنىڭ ئاقساقىلى ۋاقىراپ،
ئۇت غەزەپ بىرلە يىنىپ، ئەيلەپ خىتاپ.
دەپتۇ: «ئەي تۇققانلىرىم، بۇ نىمە گەپ،
باش ئېگىپ، جىم تۇرغۇلۇقمۇ مەيلى دەپ!
ئەركىمىزدىن ئايرىلىپ قالساق بۇگۈن،
نىمىدىگەن نومۇس — ھاقارەت بىز ئۈچۈن!
ئار — نومۇس تاپتالسا شۇنچە مەيلىمۇ،
ئانا يۇرت دەپسەلسە شۇنچە مەيلىمۇ؟
ئەركىمىزدىن ئايرىلىپ قالغۇنچە بىز،
جان بېرىپ، مەيداندا قالسۇن ئىزىمىز.
قېنى، ئەر بولساڭ قولۇڭغا ئال ياراغ،
قىل بۇ مەلئۇن كۆكسىنى قان بىرلە داغ.
كىمكى قەست قىلسا، بولۇر ئاخىر ئۇ پەس،
ھەق — ئادالەت ھېچقاچان سۇنغان ئەمەس!»

5

شۇ يىلەن ئەل دېڭىزى تەۋرىنىپ تەڭ،
باشلىنىپتۇ يالماۋۇزغا قارشى جەڭ.

ياش - قېرى دىمەي پۈتۈن ئەركەك - چىشى،
جېنى بارلا دىڭگۈدەك ھەممە كىشى.
ئاتلىنىپ مەيدانغا تەڭ قىپتۇ جاھات،
بۇ جاھات مەرتلەر ئۈچۈن بوپتۇ پارات.
قوشكېزەكلەر ھەم تۇرۇپ مەردانە يەڭ،
ھەر بىرى ئۆز جۈپتى بىرلە تەپمۇ - تەڭ.
ئات چېپىپ جەڭگە كىرىپتۇ شۇ زامان،
ئۇيىنىتىپ نەيزە، قىلىچ رۇستەمسىمان.

يالماۋۇز گاھ ۋاقىراپ ئوت چاچقۇدەك،
گاھ يۇتۇپ ئالماققا ئاغزىن ئاچقۇدەك.
ياغدۇرۇپ مۆلدۈر كەبى گاھى چايان،
گاھ بولۇپ ئۇ يەتتە باشلىق بىر يىلان.
تۈگۈلۈپ دەھشەت بىلەن دەم تارتقۇدەك،
گاھ قۇيۇندەك پىقىراپ يوق بولغۇدەك.

شۇ يوسۇن جەڭ نەچچە كۈن بولغاچ ئۇدا،
نى يىگىتلەر جانىدىن بوپتۇ جۇدا.
يەتتە باشلىق يالماۋۇزمۇ ئاخىرى —
تەڭ كېلەلمەي ھەم تۈگەپ كۈچ - ماغدۇرى،
جان بېرىپتۇ يەتتە يەردىن بوغۇلۇپ،
ئەل ئامان قاپتۇ ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ.

www.uyghurkitap.com

## 6

ئەمدى ئەل قۇتلاپ زەپەرنى شادىمان،
تەنتەنە قىلماق ئۈچۈن ئىش باشلىبان —
ئىستىسە، ئۇ قوشكىزەكلەر يوق ئىمىش،
دەپتۇ شۇندا بەزىلەر بۇ نىمە ئىش؟
ئاخىرى ئىستەپ يۈرۈپ مەيدان ئارا،
تېپىشىپتۇ سىڭلىسىنى قان ئارا.
ياتقۇدەك كەچكى شەپەقتە تاۋلىنىپ،
پېتىۋاتقان ئاي كەبى ئۇ نۇرلىنىپ.
بىر قولىدا چىڭ تۇتۇغلۇق، شەمشىرى،
ساق ئەمەسكەن بەدىنىنىڭ ھېچ يېرى.
بۇرچىنى ئەيلەپ ئادا، دىمەك، بۇ قىز،
قالدۇرۇپتۇ مەڭگۇ ئۆچمەس ئەزگۇ ئىز.
ئاغا جۈپ بولغان يىگىتمۇ ئۆرتىنىپ،
ياتقۇدەك قىزنىڭ قېشىدا كۆل بولۇپ.
ئەل كۆرۈپ بۇ ئىككىسىنى ياش تۆكۈپ،
كەلتۈرۈپتۇ باغ ئىچىگە كۆتىرىپ.
جۈپ قىلىپ ئىززەت بىلەن قويغاچ، كېيىن
ئىستىمەككە كىرىشىپتۇ ئاچىسىن.

قارىسا بىر دالدا يەرگە مۆكۈنۈپ،
ياتقۇدەك ئۇ بىر پالاسقا پۈركۈنۈپ.

رەڭگى - روھى سارغىيىپ، تىترەر ئۆزى،
چىڭ يۇمۇقلۇق تۇرغۇدەك ئىككى كۆزى.
ئاڭا جۆپ بولغان يىگىتمۇ دۇغدىيىپ،
باش كۆتەرمەي تۇرغۇدەك جىم شۈمشىيىپ.
ئىككىسى ئاياپ، دېمەك، ئۆز جانىنى،
تەرك ئېتىپ شانۇ - شەرەپ مەيدانىنى.
خۇددى جۆپ ئەركەك - چىشى چاشقانىمان،
شۇ تۆشۈكنى قىپتىكەن ئۆزگە ماكان
ئەل كۆرۈپ بۇ ھالنى لەنەت ياغدۇرۇپ،
قايتىشىپتۇ ئارقىسىغا تۆرۈلۈپ.

## 7

شۇ ئارادا بىر بوران سوقماق بىلەن،
قىز شۇئان بوپقاپتۇ بىر ئازغان تىكەن.
باشلىنىپ چاقماق بىلەن گۈلدۈرماما،
ئايلىنىپ قاپتۇ يىگىتمۇ قاغىغا.

شۇ كۈنى بوپتۇ يەنە بىر غەيرى ئىش،
خەلق كۆرۈپ بۇ ئىشنى ھەيران قاپتۇمىش:
سىڭلىسىنىڭ ئورنىدا خوش ھىد چېچىپ،
تۇرغۇدەك بىر تۈپ قىزىلگۈل ئېچىلىپ.
ئاڭا جۆپ بولغان يىگىت يىرتىپ ياقا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇلبۇلى شەيدا بولۇپ، ئەيلەپ ناۋا.
سايرا ـ سايرا ھەر نەپەس ئىلھام بىلەن،
قاقۇدەك قاناتلىرىن ئىكرام بىلەن.

## 8

خەلق بۇنگا ھەيران بولۇپ تۇرغاندا،
تاغ دەرەپتىن ئاڭلىنىپتۇ بىر سادا.
دەر ئىمىش كىمدۇ بىرى: بۇ بىر ساۋاق،
چۈنكى تۇرمۇش مەنزىلى قاتتىق سىناق.
خۇددى مىستا بولسىمۇ ئالتۇن رەڭگى،
تاۋلىنىشتا ئايرىلىپ چىققان كەبى.
زاھىرەن ئوخشاشسىمۇ بۇ قوشكېزەك،
با تېنىدا ھەر بىرى مۇتلەق بۆلەك.
ئەمدى ئالدى ھەر بىرى نەسىۋىسىن،
ھەر كىشى يازار ئۆزى ئۆز تارىخىن.
گۈل ئەبەت بولسۇن ئەزىز، ئالى مۇقام،
سايرىغاي بۇلبۇل قېشىدا سۇبھى ـ شام.
بارچە شائىر ھەم ئەدىپ، سەنئەت ئېلى،
كۆيلىگەيلەر زەۋقى ـ شەۋق بىرلە ئۇنى.
بىنەزەر ئۆتكەي تىكەن تاكى ئەبەت،
ھەمرىيى قاغا بىلەن قۇزغۇن پەقەت.
مۇسسىن گاھ ئەرتە ـ كەچ يىگەي ئېيىق،

ھەر ئېيقتىن ھىدلىغاي سېسىق تىنىق.
شول ئېرۇر بۇ ئىشقا ھەقلىق بىر ھۆكۈم،
بۇ ھۆكۈم مەڭگۈ ياشايدۇ ھەم چوقۇم.
شۇ زاماندىن بېرى گۈل - ئازغان تىكەن،
يەرگە پەيدا بوپتۇمىش شۇ يول بىلەن.
تۈگىدى ئەمدى قەلەمنىڭمۇ سۆزى،
ھەر كىتاپخان مەنىسىن يەشكەي ئۆزى.

1984 - يىل ئىيۇل، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# دېڭىزدىن سادا

قاپ - قاراڭغۇ بىر كېچە... چەكسىز كەتكەن كۆپ - كۆك بىر دېڭىز... ئۇ، قاراڭغۇ كېچىنىڭ سۈرى بىلەن گويا قارا بولۇپ كۆرۈنەر، دەھشەت بىلەن دولقۇنلىنار، قويۇق كۆپۈكلەر چاچرىتار.

ئەنە ئۇنىڭ تېشىپ چىققان جۇشقۇن سادالىرى...

ئەنە ئۇ دېڭىز بويىدا ئاسمان بىلەن قوچاقلاشقان تىك تاغ. ئۇنىڭ قىلىچ كەبى ئۆتكۈر تاشلىرى دولقۇنلۇق دېڭىزغا غەلىتە بىر تۇستە باقار، ئۇستىدىن بىر نەپەس كۆزىنى ئالماس، ھامان قاراپ تۇرار، ھامان ئىنتىلۇر. ئەنە شۇ تاغنىڭ يان باغرىدا ئالىمقانداق خىيالغا چۆمگەن بىر شائىر. ئۇ، سۆز باشلاپ، گويا دېڭىزغا ئەرز ئېيتار، ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاپپاق كۆپۈكلەر قاينار...

— ئەي دېڭىز، نىچۈن مۇنچە دولقۇنلىنارسەن؟ توختا بىردەم، مېنىڭ سوئاللىرىمغا جاۋاپ بەر:

نىچۈن ئۇزاق چاغلاردىن بېرى، بىزگە كۈن نۇرى تەگمەس؟ نىچۈن ئاسمىنىمىز ھامان تۇمانلىق، ھامان بۇلۇت-

لۇق، ھامان تۇتۇق؟ بىر كۈنمۇ ئۇچۇق بولغىنى يوق، بە
كۈنمۇ ھامان بىزگە تۈن! ئۆمۈر لاي سۇ كەبى ئېق
كەتمەكتە. ھەر چاغ، ھەر زامان كۆڭلىمىز سۇنۇق...

يىللار، ئەسىرلەر شۇنداق ئۆتتى. ھەر يىل، ھەر ئەس
بىزنى قاخشىتىپ، بەك كۆپ غەنىمەتلەرنى ئېلىپ كەتت
ئۆمۈرنىڭ تەڭدىن تولىسىنى ئوغرىلاپ قاچتى، لېكىن، بىز
ھېچنىمە بىرىپ كەتمىدى، پەقەت مۇڭ بىلەن ھەسرە
قايغۇ ۋە ئەلەم، كۆزلىرىمىزدە قورۇماس نەم قالدۇرۇپ كەتت
بىزگە بەرگەن سوغىتى شۇ بولدى...

بىز ھەمىشە نۇرغا تەشنامىز! بىراق، ئۇ بىزدىن جا
لىنى يوشۇردى، بىر قارا پەردە ئۇنىڭ يۈزىنى توستى، يا
بەلكى بىزنىڭ كۆزىمىزنى توستى. شۇنداق قىلىپ، بىز ئ
نىڭدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قالدۇق، پۈتۈنلەي... شۇنىڭ ئ
چۈن، چىرايىمىز سارغايدى، يۈرەكتىكى قان زەرداپ سۇغا ئايلاند

ئاھ، قېنى ئۇ بەخت قۇياشى، قېنى ئۇ نۇر؟ قېنى
گۈزەل باھار؟

يوق، بىرسىمۇ يوق، بىز ھەممىدىن مەھرۇم!

ئەنە تىيانشان، ئالتاي، كۇئېنلۇن، پامىر تاغلىرىدا! ھاما
شۇ قارا بۇلۇتلار، ھامان بىر قارا پەردە... ئېلى، تار
ئېرتىش ۋە باغراش سۇلىرى ئۈستىدە ھامان بىر قارا تۇمار
قاچانغىچە شۇنداق؟ قاچان بىزگە تاڭ ئاتار؟

يادىڭىزدىمۇ بەلكى، بىزدە بىر ئەمەس، قانچە - قان
قېتىملار قاتتىق بورانلار سوقۇپ ئۆتتى، بۇ بورانلار بىلە
گويا پۈتۈن جاھان تىترەپ كەتكەن ئىدىغۇ! بوران سوقا

بىپايان دەشت ـ جاڭگاللاردا قىسىپ ـ قىزىل قانلار دەريا بولۇپ ئاقمىغانمىدى؟ ئىگىسىز قالغان جەڭ تۇلپارلىرى تىزگىنلىرىنى سۆرەپ، كۆككە قاراپ، ھەسرەت بىلەن كىشنەشمىگەنمىدى؟ گىيالارغا ئىلىنىپ قالغان ئادەم ئۇچەيلىرى سىمتانايىنىڭ سىملىرىدەك ۋىڭىلداپ، ئەتراپقا دەھشەت سالمىغانمىدى؟ بۇ بورانلار سوقماقتا تېخى، بەلكى يەنىمۇ سوقار...

ئەجىبا! شۇنچە بورانلار بۇ قارا بۇلۇتلارنى نىمىشقا سۈپۈرۈپ تاشلىيالماس، نىمىشقا بۇ قارا تۈن پەردىسىنى يىرتىۋېتەلمەس، نىمىشقا؟

قاچان بىزگە تاڭ ئاتار؟ ئېيتقىنا، قاچان؟

بىلمەن، بوران سوقماقتا، بوران.

بىراق، قورقىمەنكى، بۇ بوران توختاپ قالمىغاي دەپ، يەنە بىزگە تاڭ ئاتماي قالمىغاي دەپ.

ئېيتقىنا، بىزگە تاڭ ئاتامدۇ ـ يوق؟ ئۇ تاڭ قاچان ئاتىدۇ؟ قاچان؟ ئۇ تاڭ قايسى تەرەپتىن يورۇپ، قايسى تەرەپتىن بەخت تۇغار؟

دولقۇنلۇق دېڭىزدىن جۇشقۇن بىر سادا كەلدى:

ـــ توختا، ئەنە، تاڭ ئاتماقتا ئاز قالدى. تاڭ كۈن چىقىشتىن ئاتىدۇ، ئەمما، يەنە كۆپ چېلىش بورانلىرى سوقىسۇن!

1945 ـ يىل دېكابىر، لەنجۇ

# باش ئەگىم

ئەجەپمۇ ياراشقان بۇ ئىسمىڭ ساڭا، زاتىڭغا قاراپ ئېتى بولۇر دىگەندەك، زوھرانىڭ ئىشىگىدىن كۈندە مىڭ ئەگىپ ئۆتكەن تاھىر كەبى ھەر دوقمۇشتا يۈز قېتىم ئەگىپ ئاقىسەن، خۇددى كىمنىڭدۇر ئارقىسىدىن يەتمەك بولۇپ قوغلاشقاندەك تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ، شىددەت بىلەن چاپىسەن...

نىمە بۇنچىۋالا تەشۋىشتە قالدىڭ؟

بىر قاراپلا بىلدىم، چېھرىڭدە چوڭقۇر بىر قايغۇنىڭ، ئاچچىق بىر ئەلەمنىڭ ئىزى بار. خۇددى يىلاندەك تولغىنىشلىرىڭمۇ مەنىسىز ئەمەس... تاپ - تايىنلىق ئوبدان بىلىمەنكى، ئۇ بىر جان ئاچچىغىدۇر...

ئايدىڭ كېچىلەردە بولسا، مۇڭلىنىپ ئېيتقان قوشاقلىرىڭ خۇددى قاناتلانغان قۇشلاردەك ئۇچۇپ بېرىپ، ئالەمنى قاپلار، ئۇزاقلاردا تۇرۇپ، بۇ مۇڭلۇق قوشاقلىرىڭنى ئاڭلىغان كىشىنىڭ يۈرەك - باغرى خۇددى سىماپتەك تىترەر، ئۇ ئۆزىنى ئۇنتار؛ يېقىن كەلگەنسېرى، ھېچ تاقىتى قالماس. چىداپ تۇرالماي، مۇڭلىرىڭغا قوشۇلۇپ، تاھىر ئاققان جىلغىلىرىڭدا كۆز ياشلىرى بىلەن ئاققۇسى كېلەر...

ئاھ، باش ئەگىم: دىمىغىڭدىن ھامان بىر ھىجران

www.uyghurkitap.com

پۇرىقى پۇرار. بۇنىڭغا قاراپ، پەقەت كۆز ياشلىرىم بىلەن كۆمۈلۈپ قالىمەن. سەنچۇ؟ ھامان ئۆز غېمىڭ بىلەن... قىلچىلىكمۇ پەرۋا قىلمايسەن. ئېيتقىنا، نىمە بۇنچىۋالا دەرتلىكسەن؟ قاچاندىن بېرى شۇنداق مۇڭلۇقسەن؟

ئەي مۇڭلۇق باش ئەگىم! ئېيتمىساڭمۇ ئوبدان بىلىمەن نىچۈن غەمكىن، نىچۈن مۇڭلۇقلۇغىڭنى... ئەگەر بىلمىسەم، دەردىڭگە ئورتاقلاشمىسام، قاپ - قارا ۋاپاسىز-لىق، ئۇياتسىزلىق، توغرىسى خائىنلىق قىلغان بولىمەن، چۈنكى، سۆيگۈ، ۋاپا، نومۇس ۋە ئەزگۈلۈك سېنىڭ ئۇلۇغلۇغىڭدىن، يۈكسەكلىگىڭدىن يارقىن بىر نەمۇنە ئەمەسمىدى؟ سەن ئەزەلدىن بىزگە شۇنى — سۆيگۈ، ۋاپا، نومۇس ۋە ئەزگۈلۈكنى ئۆگەتمىگەنمىدىڭ؟

سۆيگۈ تۇتقۇنى تاھىر تاغدىن تاشلانغاندا، سېنىڭ سۈرلۈك، قاتتىق ۋە قىلىچتەك ئۆتكۈر تاشلىرىڭ ماموق بولۇپ قارشى ئالغان ئەمەسمىدى؟ تاھىرنىڭ ساندۇق بىلەن بىر ئەگىمدە ئۈچ كېچە - كۈندۈز تۇرالىشى سېنىڭ ئەزگۈلۈك ۋە ۋاپادارلىغىڭ ئەمەسمۇ؟ كىم بىلمەيدۇ تاھىر ساندۇغىنىڭ ئىسسىق قوينۇڭدا نەچچە يىللار كۆز قارىچۇغۇڭدەك ئاسرالغىنىنى! بۇ، كىمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئەزگۈلۈك؟ بۇ ساڭا ۋە «پەرىشتە»لەرگىلا خاس ئەزگۈلۈك ۋە يۈكسەكلىكتۇر...

ئەمدىلىكتە بولسا، دەرتلىك كۆزلىرىڭ بىلەن ئېگىز تاغ بېشىغا قارايسەن؛ ياش ئۈنچىلىرى بىلەن تولغان غەمكىن كۆزلىرىڭنى بىر نەپەسمۇ ئۈزەلمەيسەن.

نىمە كۆرۈنۈر؟

تۇغ قادالغان كونا بىر مازار... ئۇزاق ئەسىرلەرنىڭ،

ئېغىر يىللارنىڭ، قارا كۈنلەرنىڭ قانلىق يەكۈنى...
نە سۆيگۈ، نە ھايات، نە تەنتەنە!

بىر جۈپ قىزىلگۈل ئارىسىدا ھامان بىر تال ياۋۇز تىكەننىڭ ئىپلاس ۋە تەكەببۇر گەۋدىسى ياتار... مانا، سەن شۇنى كۆرىسەن. ئوبدان بىلىمەن، ئۇ ئىپلاس، تەكەببۇر تىكەننىڭ يىرتقۇچلارچە قىچقىرغان ئۆلۈم كۆلكىسى، قۇلىقىڭغا خۇددى تىكەندەك سانچىلار... قارا كۈنلەرنىڭ ئۇ بىر جۈپ مەسۇم قۇربانى سېنى قانچە ئاچچىق ھەسرەتكە، چوڭقۇر مەيۈسلۈككە، چەكسىز قايغۇغا سالسا، ئۇلارنىڭ قاتىلى شۇ ئىپلاس تىكەن سېنى شۇنچە تېنچسىزلاندۇرار، غەزەپلەندۈرەر، كايىتار... ناھايەت ئىنتىقام ئۇچۇن قوزغار!

ھەممە دەردىڭ، ھەممە قايغۇڭ، ھەممە تەشۋىشىڭ،
ھەممە ئاچچىغىڭ شۇنىڭ ئۇچۇندۇر.

ئەي مەسۇم قۇربانلار مازارى، سۆيگۈ دەرياسى ھەسرەتلىك باش ئەگىم! ھامان سېنىڭ ئۈستۈڭنى بىر قارا ھىجران تۇمانى باسقان، سەن شۇنىڭ ئۇچۇن دەرتلىنىسەن، شۇنىڭ ئۇچۇن مۇڭلىنىسەن، شۇنىڭ ئۇچۇن ئاچچىقلىنىسەن، غەزەپلىنىسەن، ئاچچىغىڭدىن تاشتىن – تاشقا ئۇرۇلۇپ، ئاپپاق كۆپۈكلەر چاچرىتىسەن، جان ئاچچىغىڭدىن دېڭىزدەك دولقۇنلىنىپ، شىردەك ھۆلايسەن.

ھەققىڭ بار!
ھەر نىمە قىلماققا ھەققىڭ بار!
يەنە دەرتلەن، يەنە مۇڭلان، يەنە ئاچچىقلان!

تاشتىن - تاشقا ئۇرۇل، دولقۇنىڭ بىلەن كۆتىرىل...
يەنە تاش!

تاھىر بىلەن زوھرانىڭ ياناق كۆزلىرى ھامان ساڭا تىكىلىپ تۇرماقتا. سۆيگۈ، ۋاپا، نومۇس ۋە ئەزگۈلۈك ئۈچۈن ئۆلارنىڭ روھىنى يادلان! تاھىر داستانى بىلەن دولقۇنلان! ئۇنىڭ ئۈچۈن چەككەن ئەلىمىنىڭ، تارتقان دەردىنىڭ، جاپا - ئەمگىگىنىڭ — مەڭگۈلۈك راھەت، مەڭگۈلۈك سائادەت!

«...بېشىمغا ھەر بالا كەلسە،

ئۆزەڭنىڭ شورى دەڭلار!»

1948 - يىل 27 - يانۋار، ئۈرۈمچى

# شېئىر ۋە شائىر

شېئىر — مارجان ئەمەس، يىپقا تىزىپ قويسا تۇرۇۋېرىدىغان؛ ياكى ئەزان ئەمەس، قۇلاقنى تۇتۇپ ئېتسا بولۇۋېرىدىغان.

شېئىر — «ئايەت» ئەمەس، مەنىسىنى ئۇقماي ئوقۇسىلا بولۇۋېرىدىغان؛ ياكى ماتا ئەمەس، دۇكان قۇرۇپ توقۇسىلا چىقىۋېرىدىغان.

شېئىر — كەشتە ئەمەس، رەڭدار مەشۇت بىلەن لاتىغا تىكىپ قويىدىغان؛ ياكى سۈرەت ئەمەس، قەغەزگە سىزىپ قويسىلا بولۇۋېرىدىغان.

شېئىر ھەم ھۆسنى، ھەم پۇرىقى، ھەم تىكىنى، ھەم يوپۇرمىقى بار گۈلگە ئوخشاپ كېتىدۇكى، ھۆسنى بىلەن دىلنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلار؛ پۇرىقى بىلەن جانغا راھەت ۋە ھوزۇر بەخش ئېتەر؛ ئىشق ئەھلى ئۇنى قۇلاققا قىسار ياكى گۈلدەستە ياساپ جانانىغا تۇتار؛ ياۋا توڭغۇز تومشۇغىنى تەككۈزسە، تىكىنى ئۇنىڭ بۇرنىغا سانچىلار، ھەتتا بۇرنىنى قانىتار.

شېئىر — ئاسماندىكى يۇلتۇز ئەمەس، كېچىسى پارقىراپ كۆرۈنگەن بىلەن نە ئىسسىقى، نە يورۇقى تەگمەيدىغان.

شېئىر — خۇددى بىر مەشئەلدۇركى، كېچە زۇلمىتىدە ئىنسانغا

يول كۆرسەتكۈچى ياكى بىر گۈلخاندۇركى، پايانسىز دەشتلەرنى يورۇتۇپ، سوغدىن تىترىگەن تەنلەرگە ئارام بەرگۈچى.

شېئىر — چۆلدىكى ئالۋۇن (ۋىل - ۋىل) ئەمەس، گاھى كۆل، گاھى دەريا، گاھى شەھەر، گاھى گىيا بولۇپ كۆرۈنگەن بىلەن قوغلاپ يەتكىلى بولمايدىغان.

شېئىر — بىر قاينام بۇلاققا ئوخشايدۇكى، تەشنالارغا ئارام، دەرتمەنلەرگە داۋا، بىمارلارغا شىپا، غەمكىنلەرگە شاتلىق، ئاجىزلارغا ئۈمىت ۋە كۈچ بەخش ئەتكۈچى.

شېئىر — ھاپىزنىڭ ناخشىسى ئەمەسكى، ئاڭلىغانسېرى كىشىنى ئۈگدەك باسىدىغان. شېئىر — بىر گۈلدۈرمامادۇركى، ئۇنىڭ ئاۋازى جاھاننى تىترىتىپ، خامۇش كۆڭۈللەرنى ئويغاتقاي؛ كىشىنى سەگەك قىلىپ جەڭگە ئۈندىگەي، ئەبىدى ھاياتقا چاقىرغاي!

شائىر — قاغا ئەمەس، كۆرۈنگەن دەرەخقە قونۇۋېلىپ قاقىلداۋېرىدىغان. شائىر — خۇددى تاڭ توخۇسىدۇركى، كېچىچە تاڭنى چىللاپ تىنماس؛ تاڭ ئاتقاندا، ئەلنى ئىشقا، ھاياتقا، ئەمگەك ۋە ئىجاتقا ئۈندەر. شۇڭا، كىشىلەرنىڭ «ئالتۇن خوراز» ھەققىدە قىسسە - رىۋايەتلەر توقۇشى، شەھەر دەرۋازىلىرى بىلەن قەسىر - ئايۋان مۇنارلىرىنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ھەيكىلىنى ئورنىتىشى ھەرگىز تاسادىپىي ئەمەس، ھالبۇكى، جاھان - جاھان بولغاندىن بۇيان، ھېچكىم تېخى قاغىنىڭ ھەيكىلىنى ئورناتقىنى يوق.

شائىر — تۇتىقۇش ئەمەس، نىمىنى ئۆگەتسە شۇنى دورايدىغان ياكى ئۆمۈر بويى دوراشتىن بۆلەكنى بىلمەيدى-

غان، بۇ يەردە ئۇلۇغ ئەزەربەيجان شائىرى فۇزۇلىنىڭ مۇنـۇ بېيىتىنى ئەسلەپ ئۆتۈش ئورۇنسىز بولماس:

«قارا تاشـنى ئەگەر قان بىرلە رەڭگىن ئەيلىســەڭ،
رەڭگى تەغيىر بولۇر، ئەمما لەئلى بەدەخشان ئولماس.
تۇتىغا تەلىمى ئادايى كەلىمات ئەيلىسەڭ،
نۇتقى ئىنسان بولۇر، ئەمما ئۆزى ئىنسان ئولماس.»

شائىر — چىن مەنىسى بىلـەن بۇلبۇلدۇر. بۇلبـۇل ھېچقاچان باشقا قۇشلارنى دورىمايدۇ، باشقا قۇشلارمۇ بۇلبۇلنى ھەرگىز دورىيالمايدۇ. چۈنكى، بۇلبۇلنىڭ ئۆز تىلى، ئۆز سۆيگۈسى، ئۆز تەپەككۇرى ۋە ئۆز تۇيغۇسى بار.

شائىر — كېپىنەك ئەمەس، كۆرۈنگەن گۈلنىڭ ھەممىسىگە پەرقسىز قونۇپ، ھوزۇر - ھالاۋەت ئىلىشىنىـلا بىلىدىغان.

شائىر — چىراق پەرۋانىسىدۇركى، ھالاك بولۇشنـى بىلـىپ تۇرۇپ، ئۆزىنى ئوتقا ئۇرغۇچى...

شائىر — شاھ ۋە سـۇلـتانلارنىـڭ نازۇ - نىـمەتكـە تولغان داستىخانلىرى ئەتراپىدا چۆگىلەپ يۈرىدىغان ياكـى زاھىتلارنىڭ ئىتىگىدە خـورۇلداپ ياتىدىغان مۈشۈك ئەمەس، بەلكى پايانسىز دەشتلەردە ئەركىن كېزىپ يۈرىدىغان تاماسىز ئارسلاندۇركى، ئۇنىڭ بىر ھۆكىرىشى بىلەن تاغۇ - تاشلار زىلزىلىگە كېلىپ، تۈلكە - بۆرىلەر ھوشىنى يىققاي، «پادىشا نىكولاي ئۇستەلگە بىر مۇشت ئۇرغاندا، پۈتۈن ئوردا ئىچـى تىترەپ كېتەتتى؛ لېۋ تولستوي ئۇستەلگە بىر ئۇرسا، پۈتكۈل

www.uyghurkitap.com

روسىيە زىلزىلىگە كېلەتتى» دېگەن رىۋايەت مۇبالىغە بولمىسا كېرەك. چۈنكى، لېف تولستوي شېئىر يازمىغان بىلەن چىن شائىر ئىدى.

شائىر پەقەت خەلق بىلەن، پەقەت خەلق بىلەنلا شائىردۇر ۋە مەڭگۈ ئۆلمەستۇر. مەسىلەن: چۈي يۈەن بىلەن ئەلشىر ناۋايى؛ لى بەي بىلەن پوشكىن؛ بايرون بىلەن لۇتپۇللا مۇتەللىپكە ئوخشاش.

1980 - يىل 23 - ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

# قاش تېشىغا مەدھىيە

ئەي گۈزەل قاش تېشى! نىمىشكىدۇر سەندىن كۆزۈمنى ئالالمايمەن، قاراپ - قاراپ ھۆسنۈڭگە تويمايمەن، بېقىپ - بېقىپ مېھرىڭگە قانمايمەن، گوياكى سېنىڭ ئىشقىڭ قەلبىمنى چۇلغاپ ئالغاندەك... ئەلنىڭ ئېيتقىنى بىلەن ئېيتسام: «ھەر بارە كۆزۈم سەندە!»

قىزىق ئىش: سەن بىلەن بىر ئۇرۇغدىن بولغان ياقۇت بىلەن پىروزە، زۇمرەت بىلەن كەھرىۋا ھۆسنى جامالدا سېنىڭدىن گۈزەلرەك، جىلۋە - كامالدا سېنىڭدىن ئەۋزەلرەك ئىدى - يۇ، نىمىشكىدۇ بىلمەيمەن، «ھەر بارە كۆزۈم سەندە، ياندۇرۇپ يانا سەندە!»

كۆزۈم سەندە، ئويۇم سەندە. كۈندۈزىغۇ شۇنداق، تاڭ - تاڭلار ئېتىپ كەتكىچە، يەنىلا پىكرىم سەندە. سېنى ئويلىسام ھەر چاغ، خىيالىم قانات قېقىپ، قاپىيىلەر گۈلزارىغا قونىدۇ؛ سۆزلەر جىلۋىگە كىرىپ، قاتار - قاتار قوشاقلار تۇغۇلۇپ چىقىدۇ.

قاش تېشى - يۇ، قاش تېشى،
ماڭا بولدى سۆز بېشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەرپلىمەي قويارمۇ،
ئۇنى كۆرگەن ھەر كىشى.

قاش تېشى ـ يۇ، قاش تېشى،
ئوخشاش ئىكەن ئىچ ـ تېشى.
سۆزۈكلۈگى ـ دۇر، سەدەپ،
غۇۋالاشماس ياز ـ قىشى.

ياق، ياق! سېنى تەرپلەشكە مۇنداق قوشاقلار قانداق مۇ لايىق بولالسۇن! قوشاق قاتىمەن دەپ، ۋەزىن ۋە قاپىيەلەر بىلەن بوغۇلۇپ قېلىشىنىڭ ھاجىتى نېمە؟ ئەڭ ياخشىسى، سەبى بالا كۆڭلىگە نېمە كەلسە، شۇنى ئېيتىۋەرگەندەك، مەنمۇ سۆزۈمنى ئازادە ئېيتاي، خىيالىم قۇشلىرى كەڭ سامادا پەرۋاز قىلغان لاچىندەك ئەركىن قانات قاقسۇن!

دۇنيادا تاشنىڭ خىللىرى كۆپ. قوم تاش، شېغىل تاش، بىلەي تاش، قورام تاش... ساناۋەرسەك، جىقلا بولۇپ كېتىدۇ. ھەتتا شاھلارنىڭ تاجلىرى بىلەن نازىنىنلارنىڭ ئۈزۈك ـ ھالقىلىرىغا كۆز بولىدىغان ياقۇتمۇ تاش، پىروزىمۇ تاش؛ تەختلەرگە پايە، قەسىر ـ ئايۋانلارغا تۈۋرۈك، مەچىت ـ چېركاۋلارغا مېھراپ بولىدىغان مەرمەرمۇ تاش. بىراق، نېمىشقىكىن، ئەي گۈزەل قاش تېشى، سېنىلا ئويلايمەن، ساڭىلا قارايمەن، «ھەر بارە كۆزۈم سەندە، ياندۇرۇپ يانا سەندە!»

خىسلىتىڭ قانچە، ھۆسنۈڭمۇ شۇنچە؛ ھۆسنۈڭگە بېقىپ، مېھرىڭمۇ شۇنچە. مەيلى ئاق ياكى قارا، مەيلى كۆك ياكى

يېشىل، مەيلى سېرىق ياكى قىزىل... قايسىلا رەڭدە بولساڭ، خۇددى يامغۇردىن كېيىنكى ھەسەن - ھۈسەندەك مەپتۇن قىلىسەن مېنى، قاراپ - قاراپ تويمايمەن، مېھرىڭگە زادى قانمايمەن.

ئاقلىقىڭنى كۆرگەندە، سۈزۈلۈپ ئاتقان تاڭنىڭ پارلاق يۈزى بىلەن باھاردا كېلىدىغان ئاققۇلارنىڭ قانىتى، بوغدا چوققىسىدىكى قار - مۇزلار بىلەن مومام رەھمىتىنىڭ بېشىدىكى ئاپپاق لىچەكى، ئانامنىڭ ماڭا بەرگەن سۈتى بىلەن دادامنىڭ ئومىدا كىيىدىغان ماتا كۆينىكى، ئۇيغۇر يىگىتلىرىنىڭ بادام دوپپىسىدىكى گۈلى بىلەن خوتەن شايىسىنىڭ ئاقلىقى ياكى ئايدىڭ كېچىلەردە يەرگە چېچىلغان ئاي شولىسى كۆز ئالدىمدا نامايەن بولىدۇ.

ئاقلىقىڭدۇر پاكلىقىڭ ھەم ساپلىقىڭ،
ھەم ئۇلۇغوار، ئەزگۈلۈككە باپلىقىڭ.
كىمكى بولسا ئەھلى ۋىجدان، تۈز نىيەت،
ئاڭا ھەم لايىق بولۇر بۇ ئاقلىقىڭ.

قارىلىقىڭنى كۆرگەندە، ئادەمزاتقا مەدەنىيەت تېڭى ئاتقان، يەنى يېزىق تېپىلىپ، ئىنسانىيەت تارىخى يېزىلىشقا باشلىغان چاغلارنى ئەسلەيمەن. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، مەيلى يۇڭ، مەيلى قومۇش، مەيلى قاناتنى قەلەم قىلسۇن، ئىنسان ئۆز تارىخىنى قارا سىيا بىلەن پۈتكەن ئەمەسمىدى؟ سېنىڭ قارىلىقىڭنى تارىخنىڭ خېتىگە ئوخشىتالىغىنىم ئۈچۈن خۇشالمەن. ئۇنى دېسەڭ، خوتەن كىيىكىنىڭ كىندىكىدىن چىقىدىغان ئى-

چارمۇ قارا؛ شەرق گۈزەللىرىنىڭ كۆزىمۇ قارا، قېشىمۇ قارا، يەلپۈنۈپ تۇرغان چېچىمۇ قارا؛ رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، لوقمان ھېكىممۇ قارا ئىمىش، مەجنۇننىڭ لەيلىسىمۇ قارا؛ كۆكتە پەرۋاز قىلىدىغان بۈركۈت بىلەن سۇدا ئۈزىدىغان قۇندۇزمۇ قارا؛ ئالتۇننىڭ بىر خىلى بولغان كۆمۈرمۇ قارا؛ ۋەتىنىمنىڭ شۆھرىتى — قاراماينىڭ نېفىتىمۇ قارا؛ باھار كۈنلىرى ھاۋانى گۈلدۈرلىتىپ، يامغۇر ياغدۇرۇش بىلەن تەشنا جانلارغا ھايات بەخش ئەتكۈچى بۇلۇتمۇ قارا.

كۆكلۈك — كەڭلىك، بۈيۈكلۈك، چەكسىز ساماغا باقسام، گۈمبەزسىمان ئاسمانمۇ كۆك؛ يىراقتىن كۆرۈنگەن مەغرۇر تىيانشانمۇ كۆك؛ نىلمۇ كۆك؛ چاڭجياڭمۇ كۆك؛ دېڭىزمۇ كۆك، دونايمۇ كۆك؛ كىچىككىنە سايراممۇ كۆك، چەكسىز دېڭىز - ئوكيانمۇ كۆك.

مانا گۈزەل ئالتاي يايلىقى، خۇددى يېشىل گىلەمنىڭ ئۆزى. ئۇنى ھەر كۆرسەم، سېنى ئەسلەيمەن؛ سېنى ھەر كۆرسەم، ئۇنى ئەسلەيمەن. تىيانشان باغرىدا قاتار قارىغايلار، چەكسىز قىرلاردا يۇمران مايسىلار، باغلاردا چىمەن يېشىل بوستانلار، گۈلشەندە كۈلەر گۈلى رەيھانلار — بۇلارنىڭ ھەممىسى يېشىللىق دېمەك. يېشىللىق دېمەك — ھاياتلىق دېمەك.

ئەي گۈزەل قاش تېشى! ھۆسنۈڭ قانچە، پەزلىڭ شۇنچە؛ پەزلىڭ بىلەن قەدرىڭمۇ شۇنچە. ھەممىدىن مۇھىمى شۇكى، تېشىڭ بىلەن ئىچىڭ بىر، ھۆسنۈڭ بىلەن خۇلقۇڭ بىر. ئىسسىقنى كۆرۈپ، ئېرىپ كەتمەيسەن، سوغاقنى كۆرۈپ، توڭلاپ قالمايسەن، بوران - چاپقۇندىمۇ ئوخشاش، يامغۇر - كەلكۈندىمۇ ئوخشاش. قەيسەر - ئابۋانلارغا قەندەل بولساڭمۇ

بىر خىل، پايە بولۇپ يەردە ياتساڭمۇ بىر خىل، ھەيكەل ياساپ، تەكچىدە قويسىمۇ بىر خىل، كۇرسى ياساپ يەردە قويسىمۇ بىر خىل. كۆتەرگەنگە ئۇچمايسەن، تاشلىغانغا سۇنمايسەن. گۈزەللەرنىڭ قولىغىدا ھالقا، بىلىگىدە بىلەيزۈك، بارمىقىدا ئۈزۈك بولغانغا پەخىرلەنمەيسەن، تالىپقا قەلەمدان، زاھىتقا تاۋاق بولغانغا ھەقىرلەنمەيسەن. قىسقىسى، ئىنساننىڭ ھاجىتى نىمە بولسا، سەن شۇنىڭغا تەييارسەن. بۇ نىمە دېگەن ئالىجاناپلىق!

ئەي گۈزەل قاش تېشى! سېنى قانداقمۇ تەرىپلەپ بولاي، ئەڭ ياخشىسى، سۆزۈمنى ئەمدى قىسقا قىلاي. ئوغۇلنىڭ مەرتلىگى ئاتىغا تالىق، قىزنىڭ ئۈزلىگى ئانىغا تالىق، دانىنىڭ توقلۇغى تۇپراققا باغلىق، گۈلنىڭ جامالى ياپراققا باغلىق. سېنى تۇغۇپ ئۆستۈرگەن قارىقاش دەرياسى بىلەن يورۇڭقاش دەرياسىغا بارىكاللا! شۆھرىتىڭنى جاھانغا يايغان ھۈنەرۋەن خوتەن خەلقىگە ھەشقاللا!

1981 - يىل مارت، ئۈرۈمچى